2013
2

# يېزا پەن - تېخنىكىسى



农村科技

ISSN 1004-1095
02>
9 771004 109006

خەلقىمىزنىڭ يەرلىك ئوغلانى شائىر
مۇھەممەد مۇسا مەرگەن



يەكەن ناھىيەلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سابىق مۇخبىرى، مۇھەررىرى، شائىر مۇھەممەد مۇسا (مەرگەن) 1956-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى يەكەن ناھىيەسىنىڭ تومئۆستەڭ يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980-يىلى سابىق يەكەن پىداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەكەن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1983-يىلى 10-ئايدا يەكەن ناھىيەلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

شائىر مۇھەممەد مۇسا 1992-يىلى يەكەن ناھىيەسى بويىچە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىكى ئون مۇنەۋۋەر ئەدىب بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1994-يىلى مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى ئالغان. 1978-يىلى «گۈل يېزا» ناملىق شېئىرى سابىق «يەكەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 800 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. «زەرەپشان ناۋاسى»، «يەكەن دەرياسى»، «ۋەتەن باھارى»، «زەرەپشان گۈلزارى» ناملىق بىر بۆلۈك ناخشا تېكىستلىرى ۋە ئىتۇت-لەپەرلىرى يەكەن ناھىيەلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە «گۈل بىلەن ئازغان» (مەسەل)، «تۇلكىنىڭ ئېيتقانلىرى»، «كۈندەشلىكى تۇتۇپتۇ ئاينىڭ»، «سۈزۈك ئاسمان»، «دەريادىن چاچرايدۇ كۆمۈش بۇژغۇنلار»، «ئانا ۋەتەن سۆيگۈ ئىلاھى»، «بۇركۈت قىسسىسى»، «قوشماق ئاداش» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدۇ. «تەبىئەتتىن سادا» ناملىق چاچما شېئىرى قەشقەر گېزىتى تەرىپىدىن، «دەريادىن چاچرايدۇ كۆمۈش بۇژغۇنلار» ناملىق لىرىكىسى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

شائىر مۇھەممەد مۇسا يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل خەلق قوشاقلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ يەنە 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە، 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر يازغان. ئۇ تەھرىرلىگەن پىروگراممىلار ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «ئاخباراتتىكى چىنلىق پرىنسىپى — بارلىق مۇخبىر، مۇھەررىرلەر ئورتاق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزان» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 2002-يىلى مەملىكەت بويىچە نادىر رادىئو-تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

2013 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 334 - سان)

# يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈشتە كۆرۈلىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ........................... تۇنساگۇل تۇردى قاتارلىقلار (1)
كۇزگى بۇغدايىنىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........... رابىيە ياسىن (3)
زىرە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ........................................ پاتىمە ئابدۇرېشىت (4)
ياڭاقلىق باغقا بەرەڭگە ۋە تاۋۇزنى كىرىشتۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلى ...... روزىگۇل تۇداخۇن (7)

### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

سۇلياۋ لاپاسقا تېرىلغان يېسۋېلەكنى پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرى .........مەمەتتوختى مەمەتتۇرسۇن (10)
پارنىك كۆكتاتلىرىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن ساقلاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .....مەمتىمىن يىمىت (12)
سۇلياۋ لاپاستا بۆلجۇرگەن ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ........................بۇرابىيەم تۇرسۇن (15)
كۈن نۇرلۇق پارنىك قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر ....... خۇرشىدەم ھېزىم (17)

### ئوغۇت تۇپراق

تەشتەك گۈللىرىنى ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.................ھەلىمە تۇرسۇن (18)

### باغۋەنچىلىك

ئالما دەرىخىنى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلىگە كەلتۈرۈپ چاتاش ئۇسۇلى ........ ئەھەتجان ئېلى (20)
چىلان ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ...........................................قاھار قاسىم (25)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

بۇغداي ئېتىزىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ...... پاتىگۇل ئابلەت (28)
پارنىك، سۇلياۋ كېمىرلەردە ئۆستۈرۈلگەن قوغۇندا كۆرۈلىدىغان يوپۇرماق قولتۇقىدىن سې-

سىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى ..........................ھەمراگۈل نېسىر (30)
دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان كۆكتاتلارنى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى
..........................................چىمەنگۈل ساقاجىيوف قاتارلىقلار (31)
ئالمىنىڭ تۆتلىق كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .............. رەيھانگۈل ئابدۇۋەلى (32)
پارنىك شوخلىسىنىڭ كىندىك چىرىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى.....گۈلقىز ئابدۇۋايىت (35)
باھار ماخدامچى قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇلى ..............ھۆرنىسا ئەمەت (36)

## سۇچىلىق

ئۆستەڭلەردە سۇ سىڭىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى .... سەنەۋەر ئىنام (39)
ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراپ ئىشلىتىشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەر........سەمەت ئابدۇكېرىم (41)
تېمىتىپ سۇغىرىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار...................ئابدۇغېنى سەيدۇللا (43)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

«ئورۇق گۆش جەۋھىرى» نىڭ زىيىنى توغرىسىدا ..........................مەخپۇزە ئابدۇكېرىم (45)
يېڭى تۇغقان چارۋىلارنى ئىلمىي ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ......مۇھەممەترېھىم ئابلىمىت (47)
قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ باقماسلىق كېرەك .................. گۈلمىرە مەمەت (49)
ئىنەكلەردىكى جىنسىي غىلاپ ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ...مەمەتنىياز ئاتاۋۇللا (50)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

تىراكتورنى ئارقىسىغا ياندۇرغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........................ غېنى ئەلا (53)
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا سۇ قۇيغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار...... ئابدۇرۇسۇل مەڭنىك (54)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۇرۇش قانۇنى ...(56)

## بىلىۋېلىڭ

مېڭگە پايدىلىق يېمەكلىكلەر.............................................................(59)
ئاپتورلار سەمىگە ..............................................................................(60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology

2013 年第 2 期
总 334 期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

棉花覆膜栽培存在的问题及解决措施 …………… 吐尼沙古丽·吐尔地等(1)
冬小麦春季管理注意事项 ……………………………… 热比艳·牙森(3)
孜然栽培技术 …………………………………… 怕提曼·阿不都热西提(4)
核桃园土豆、西瓜套种方法 ……………………………… 肉孜比·吐达洪(7)

## 设施农业

大白菜大棚栽培管理措施 ……………… 麦麦提托乎提·麦麦提吐尔逊(10)
温室蔬菜保温方法 ……………………………………… 麦麦提敏·伊米提(12)
草莓大棚栽培方法 ……………………………………… 布热比耶木·图尔荪(15)
日光温室技术标准 ……………………………………… 胡西旦木·依孜木(17)

## 土壤肥料

盆栽花卉施肥注意要点 ………………………………… 艾力曼·吐尔逊(18)

## 园艺特产

苹果树整形修剪方法 ……………………………………… 艾海提·艾力(20)
红枣树栽培方法 ………………………………………… 卡哈尔·卡斯木(25)

## 植物保护

麦田杂草防治方法 ………………………………… 帕提古丽·阿布来提(28)
设施甜瓜叶腋腐烂病防治措施 …………………… 艾米拉古丽·尼斯尔(30)
蔬菜药害缓解措施 ……………………………… 曲曼姑丽·沙卡吉优甫等(31)
苹果棉蚜综合防治方法 ………………………… 热言古丽·阿布都瓦力(32)
温室番茄脐腐病防治方法 ……………………… 古丽克孜·阿卜杜瓦依提(35)
春尺蠖防治方法 …………………………………… 吾尔尼沙·艾麦提(36)

## 农田水利

水渠渗透原因及预防措施 …………………………赛那瓦尔·伊那木(39)
水渠管理与维护措施 …………………………塞买提·阿不都克热木(41)
滴灌注意要点 …………………………阿不都艾尼·塞都拉(43)

## 畜牧兽医

瘦肉精的危害 …………………………买合浦再·阿布都克力木(45)
新生母畜饲养管理要点 …………………………莫哈买提·热依木(47)
公羊与母羊不宜混合饲养 …………………………古丽米拉·买买提(49)
母牛阴道炎的防治方法 …………………………麦麦提尼亚孜·阿塔吾拉(50)

## 农业机械

拖拉机倒车注意事项 …………………………艾尼·艾拉(53)
农用机械加水注意要点 …………………………阿布都肉苏里·忙尼克(54)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 …………………………(56)

## 百科知识

食物中的脑黄金 …………………………(59)
作者应注意事项 …………………………(60)


---


主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN65－1046 / S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：004601040000839

# سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈشتە كۆرۈلىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

تۇنىساگۇل تۇردى
(كورلا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش مەركىزىدىن)
بورھان ئابلا
(لوپنۇر ناھىيە شىنفىڭ يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. بالدۇر ئاجىزلاش:** كېۋەزنىڭ بالدۇر ئاجىزلاش ئەھۋالى ھازىر رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرۈلىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوغۇت، نەملىك ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان قۇم تۇپراق ۋە قۇمساڭ تۇپراقلاردا ئېغىر بولىدۇ. (1) بالدۇر ئاجىزلاشنىڭ سەۋەبلىرى: ① سۇلياۋ يوپۇق ياپمىغان كېۋەزگە قارىغاندا سۇلياۋ يوپۇق ياپقان كېۋەزنىڭ يىلتىز سىستېمىسى چوڭقۇر، كەڭ ئۆسمەي، شارائىتى ياخشى بولغان تار دائىرىگە مەركەزلىشىپ، ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش دائىرىسى كىچىك بولىدۇ. دېمەك سۇلياۋ يوپۇق ياپقان كېۋەزنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى يەر ئۈستى قىسمىنىڭ ئۆسۈشىگە ماسلىشالماي، ئوزۇقلۇق جەھەتتە يەر ئۈستى قىسمىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ، شۇڭا يەر ئۈستى قىسمىنىڭ بالدۇر ئاجىزلىشىشى كېلىپ چىقىدۇ. ② سۇلياۋ يوپۇق ياپقان كېۋەزنىڭ تازا ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى نىسبەتەن بالدۇر بولىدۇ. كۆپىيىپ ئۆسۈشنىڭ باشلىنىشى ۋە كۈچىيىشى كېۋەز تۈپىدىكى ئوزۇقلۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئوزۇقلۇق ئۆسۈشنىڭ نورمال داۋاملىشىشى تەسىرگە ئۇچراپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ③ سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز، ئوزۇقلۇق سەرپىياتى يۇقىرى بولۇپ، كېۋەز يېتەرلىك ئوغۇتلانمىسا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي بالدۇر ئاجىزلايدۇ. (2) بالدۇر ئاجىزلاشنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى بەك بالدۇر چېكىنىپ، غولىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسەن توختاپ، بوغۇم ئارىلىقى قىسقىرايدۇ. غۇنچىلاش سۈرئىتى ئاستىلاپ، چېچەكلەش سۈرئىتى تېزلىشىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېرىق چېچەك كېۋەزنىڭ ئۇچىنى قاپلاپ كېتىدۇ. (3) بالدۇر ئاجىزلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرى:

① يېپىلغان سۇلياۋ يوپۇقنى كېۋەزنىڭ بىرىنچى سۇيىنى قويۇشتىن بۇرۇن كەچقۇرۇن ئېلىۋېتىش كېرەك. سۇلياۋ يوپۇقنىڭ تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نەملىكنى ساقلاش رولى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا بارغاندا ئاساسەن تۈگەيدۇ، سۇلياۋ يوپۇقنىڭ كېۋەزنىڭ يەر ئۈستى قىسمىغا ئېلىپ كەلگەن ئۈنۈمى بارغانچە تۆۋەنلەيدۇ، بۇ چاغدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېپىلغان سۇلياۋ يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ، كېۋەزلىك يېرىنى ئومۇميۈزلۈك چاغلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يىلتىز سىستېمىسىنىڭ چوڭقۇر ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق يەر ئاستى قىسمى بىلەن يەر ئۈستى قىسمىنىڭ يېتىلىش پەرقىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلاش كېرەك. ② ئەلا سۇپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ بېرىپ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ كېرەك. ③ چېچەك، غوزا ئوغۇتىنى كۆپ بېرىش، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىش كېرەك، سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، ئوزۇقلۇق ئۆسۈشنى مۇۋاپىق كۈچەيتىش كېرەك.

**2. بويىغا زورلاپ ئۆسۈش:** بۇ خىل ئەھۋال ھاۋا كىلىماتى ئالاھىدە ئىسسىق رايونلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئاساسلىقى نامۇۋاپىق سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش سەۋەبىدىن بولىدۇ. سۇلياۋ يوپۇقنىڭ تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى ساقلاش رولى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېۋەزنىڭ ئاقتاما سۇيىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ سۇغىرىش لازىم. كېۋەزنىڭ تۇنجى سۇيىنى بالدۇر قويسا ھەم تۇنجى سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئوغۇتلىسا كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: (1) تۇنجى سۇيىنى كېچىكتۈرۈپ 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن كېيىن قويۇش كېرەك؛ (2) ئازوتلۇق ئوغۇت ۋە بىرىكمە ئوغۇتلارنى ئىككىنچى سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك؛ (3) ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىپ، كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

# كۆزگى بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

رابىيە ياسىن
(بۇگۇر ناھىيە بۇگۇر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. قوشۇمچە ئوغۇتلاشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تاللاش كېرەك. ئەتىياز پەسلى بۇغداي ئېتىزىنىڭ توڭى 5 ـ 8 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئېرىگەندە، قوشۇمچە ئوغۇتلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋاقتى بەك بالدۇر بولۇپ كەتسە، ئوغۇتنىڭ يىلتىز تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈشى ياخشى بولمايدۇ. ئەگەر بەك كېچىكىپ كەتسە، توڭ ئېرىپ كېتىپ، ئوغۇتلاش مەشغۇلاتى قىيىنلىشىدۇ، قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋاقتى تېخىمۇ كېچىكىپ كەتسە، تۇپراق نەملىكى يېتىشمەي، ئوغۇتلاش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇغداي مايسىسى نابۇت بولۇپ، نورمال ئۆسۈشكە تەسىر يېتىدۇ.

2. مۇۋاپىق پەيتتە سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر كۆزگى بۇغداينىڭ تۇنجى سۈيى بەك كېچىكىپ كەتسە، تۇپراق نەملىكى يېتىشمەي، بۇغداي مايسىسى تەكشى ئۆسەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ. بۇغداينىڭ 2 ـ سۈيىمۇ چوقۇم مۇۋاپىق پەيتتە قويۇلۇشى كېرەك. ئەگەر 2 ـ سۈيى كېچىكىپ كەتسە، بۇغداي باشقىنىنىڭ چاڭلىنىشىغا تەسىر گە ئۇچراپ، مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 3 ـ سۈيىنى ئەھۋالغا قاراپ قويۇش كېرەك.

3. ئۆز ۋاقتىدا ئوتاش ۋە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنى ۋاقتىدا بايقاپ يوقىتىش كېرەك. كۆزگى بۇغداي مايسا مەزگىلىدە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئادەم كۈچى ياكى دېھقانچىلىق دورىسى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ئوزۇقلۇق ئىسراپ بولۇپ، بۇغداي مايسىسى ئاجىز ئۆسۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇغداي غول تارتقاندىن تارتىپ پىشقۇچە بولغان مەزگىلدە بۇغداي ئېتىزىنى دائىم تەكشۈرۈپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (02)

# زىرە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

پاتىمە ئابدۇرېشىت
(يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

زىرە قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۆل ـ يېغىندىن بەك قورقىدۇ. ناھىيەمىزدەك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە رايونلاردا تېرىشقا بەكمۇ باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زىرە سۇنى ئاز تەلەپ قىلىدۇ. پىشىش ۋاقتى بۇرۇن بولۇپ، كېيىنكى زىرائەتلەرنى ياخشى ئېگىز ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا 100 ـ 110 كۈن ئەتراپىدا پىشىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق قوناق تېرىسىمۇ، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات، سەبدە گۈل قاتارلىقلارنى تېرىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**1. زىرە ئۆستۈرۈشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر:** ① يەر تۈزلەش، ئوغۇتلاش، ئوسا قىلىش: زىرە تېرىيدىغان يەرنىڭ تەكشى بولۇش بولماسلىقى زىرە مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر زىرە تېرىيدىغان يەر تەكشى تۈزلەنمىسە زىرە مايسىسى ئاجىز بولغاچقا، سۇ قۇيغاندا پەس جايلىرىنى سۇ بېسىۋېلىپ زىرە مايسىسى نابۇت بولىدۇ. ئېگىز جايلىرى قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ نابۇت بولىدۇ. شۇڭا زىرە تېرىيدىغان يەرنى تەكشى تۈزلەش، ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى بەش سانتىمېتىردىن چوڭ بولماسلىق كېرەك. ② ئوغۇتلاش: تولۇق چىرىگەن ئېغىل ئوغۇتىدىن ھەر مو يەرگە ئۈچ مىڭ كىلوگىرام بېرىش لازىم. ③ ئوسا قىلىش: زىرە تېرىيدىغان يەرنى چوقۇم قاندۇرۇپ ئوسا قىلىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، شور باستۇرۇلۇپ مايسىنىڭ ئۈنۈشى ۋە ئۆسۈشى ياخشى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، زىرىنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە سۇنى ئاز قۇيىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن مايسا مەزگىلىدىكى نەملىككە بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرغىلى بولىدۇ.

**2. يەر تەييارلاپ تېرىش:** 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى

يەرنى ئاغدۇرۇپ بارنا سېلىپ چالمىلىرىنى ئېزىش لازىم. يەر ئاغدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇمكىن قەدەر يەرنى تاختىلاپ تۈزلەش لازىم. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ زىرە ئېتىزىغا چىقىدىغان ئوتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر مو يەرگە 120 ـ 150 گىرام ئەتراپىدىكى تىرىفلۇرالىن (氟乐灵) دورىسىنى 40 ـ 50 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ تەكشى چېچىپ، تىرنىلاپ ئارقىدىن سۆرەم سېلىپ 24 سائەت دۇملىگەندىن كېيىن تېرىش لازىم. كۆلەم بويىچە تېرىغاندا قۇرلاپ ۋە چېچىپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قۇر ئارىلاپ كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ۋە كېۋەز ئارىسىغا زىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 1.5 ـ 1.8 كىلوگىرام ئۇرۇق تەييارلىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ. زىرە ئۇرۇقىنىڭ پوستى بىرقەدەر نېپىز بولۇپ تۆۋەن تېمپېراتۇرادىمۇ بىخلىنىپ چىقالايدۇ. شۇنىڭدەك زىرە تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا چېنىقىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىلا ئاندىن يۇقىرى مەھسۇلات بېرىش شارائىتىنى ھازىرلىيالايدۇ. شۇڭا ھەر مو يەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇرۇققا مۇۋاپىق مىقداردىكى نەم قۇم ئارىلاشتۇرۇپ چېچىپ تېرىپ، ئۈستىنى توپا بىلەن تەكشى كۆمۈش لازىم.

**3. ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشى:** تىمەن زىرە مايسىسى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ۋاقتىدا ئېتىزدىكى ئوتلار تولۇق ئوتۇلۇپ، ئوزۇقلۇقنىڭ مايسىغا مەركەزلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 1 ـ قېتىم 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئوتاش بىلەن بىرگە، ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) دىن 150 گىرامغا 15 ـ 20 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ پۈركۈش كېرەك. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى 2 ـ قېتىم ئوت ئوتاش لازىم.

**4. زىرىنى سۇغىرىش:** زىرە سۇنى ئانچە كۆپ تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا زىرىنىڭ مايسا ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىردىن ئاشقاندا يەنى غۇنچىلاش مەزگىلىدە نېپىز بىر قېتىم سۇغىرىش، چېچەكلىگەندىن كېيىن سۇغارماسلىق كېرەك.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ـ يوقىتىش:** زد-

رىگە زىيان سالىدىغان كېسەللىكلەردىن ئاساسلىقى باكتېرىيە كېسەللىكى، زىيانداش ھاشاراتلاردىن يەر يولۋىسى، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار بار. (1) زىرە باكتېرىيە كېسەللىكى: زىرە غولىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا، يوپۇرماق ساپىقىغا زىيان سالىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەن، ھاۋا نەم بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئاسان پەيدا بولۇپ تارقىلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا بىرىنچىدىن، ئەلا سۈپەتلىك كېسەلگە قارشى تۇرالايدىغان سورتلارنى تاللاش ۋە تېرىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، زىرىنى تەكرار تېرىشتىن ساقلىنىش، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ فوسفورلۇق كالىيلىق ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش ۋە زىرە تۈپلىرى چېچەكلەش مەزگىلىدە ئازوتلۇق ئوغۇت ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دېھقانچىلىق دورىلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش يوقىتىشتا كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە 70% لىك مانكوزېب (代森锰锌) دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى زىرە تۈپلىرىگە تەكشى پۈركۈش كېرەك؛ (2) يەر يولۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشتا، 1.5 ـ 2 كىلوگرام 80% لىك دىپتېرېكس (敌百虫) نى دورىسى 8 ـ 10 كىلوگرام قۇمغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كەچتە زىرە قۇر ئارىلىقىغا چېچىش لازىم؛ (3) قىزىل ئۆمۈچۈك: 5 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە 1.8% لىك ئاۋېيجۇنسۇ (阿维菌素) دورىسىنىڭ 2000 ـ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 75% لىك پىروپارگىت (克螨特) دورىسىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى زىرە تۈپ ئارىلىقىغا تەكشى چېچىپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**6. يىغىۋېلىش:** 70% ـ 80% زىرىنىڭ يوپۇرمىقى سارغايغاندا يىغىۋالسا بولىدۇ. بالدۇر يىغىۋالسا پىشىشى يېتەرلىك بولمايدۇ، كېيىن قالسا ئۇرۇقى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ باش ـ ئوتتۇرىلىرى يەنى ئەتىگەن شەبنەم بار جايدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىۋېلىپ، زىرىنىڭ قېقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. يىغىۋېلىشتا ئادەم ئارقىلىق يۇلۇپ ئېلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، سوغارغاندىن كېيىن پاكىز ئۇرۇقىنى خالتىغا قاچىلاپ ساقلاش لازىم. (03)

# ياڭاقلىق باغقا بەرەڭگە ۋە تاۋۇزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى

روزىگۈل تۇداخۇن
(غۇلجا شەھىرى پەنجىم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. يەرگە ئىشلەش:** ياڭاق كۆچىتىنىڭ قۇر ـ توپ ئارىلىقى 8×6 مېتىر قىلىنىپ، ھەر موغا 14 توپ تىكىلىدۇ. ياڭاق كۆچىتى ئارىسىغا بەرەڭگە كىرىشتۈرۈپ تېرىسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، تۇجۇپىلەپ ئىشلىسە مو مەھسۇلاتىنى 2000 كىلوگىرامدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بەرەڭگە ھوسۇلى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن تاۋۇز تېرىلىدۇ، تۇجۇپىلەپ ئىشلەنسە مو مەھسۇلاتىنى 2500 كىلوگىرامدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**2. تېرىش:** كىرىشتۈرۈپ تېرىلدىغان بەرەڭگەنىڭ توپ ـ قۇر ئارىلىقى 50×25 سانتىمېتىر قىلىپ تېرىلىدۇ، بەرەڭگىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن تاۋۇز تېرىلىدۇ، تاۋۇزنىڭ توپ ـ قۇر ئارىلىقىنى 300×35 سانتىمېتىر قىلىش كېرەك.

**3. بەرەڭگە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار:** ① ئوغۇتلاش: ھەر مو يەرنى 2000 كىلوگىرام مەھەللىۋى ئوغۇت، 20 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. بەرەڭگەنىڭ ئۆسۈشى تېز بولۇپ، ئاساسى ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كولتىۋاتسىيەلەپ توپا يۆلەشكە بىرلەشتۈرۈپ ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ، يەنى بىرىنچى قېتىم ئازۇتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، ھەر مو يەرنى 10 كىلوگىرام ئورېيا ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاش، ئىككىنچى قېتىم فوسفور ۋە كالىيلىق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، ھەر مو يەرنى 8 ـ 10 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 5 ـ10 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. ② تېرىش: بەرەڭگە 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە تېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، كېسەلگە چىدامىلىق سورتلارنى، بولۇپمۇ زەھەرسىز ـ

لەندۈرۈلگەن بەرەڭگە سورتىنى تاللاش كېرەك. ئۇرۇقلۇق بەرەڭگىدىكى كېسەللىك مىكروبىنى يوقىتىش ئۈچۈن، تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقلۇق بەرەڭگىنى 0.3% ــ 0.5% لىك فورمالىن سۇيۇقلۇقىغا 20 ــ 30 مىنۇت چىلاپ، ئاندىن سۈزۈپ ئېلىپ سۇلىياۋ خالتا ياكى ھەم قاچىلاردا ئالتە سائەت دۆملەش كېرەك. بەرەڭگىنىڭ تۈپ ــ قۇر ئارىلىقىنى 25 × 50 سانتىمېتىر قىلىپ، 15 ــ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تىكىش لازىم. ③ پەرۋىشى: بەرەڭگە ئېتىزىنى كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوت ئوتاش بىلەن بىرگە توپا يۆلەپ، تۈگۈنەك غولىنىڭ تەرەققى قىلىشىنى تېزلىتىش لازىم. ئادەتتە مايسا تولۇق ئۈنۈپ چىققاندا، بەرەڭگە چېچەكلەش مەزگىلىدە ۋە چېچەكتىن كېيىن توپا يۆلەش كېرەك؛ ④ بەرەڭگە ئۆستۈرۈشتە مايسا مەزگىلىدە سۇ قويماسلىق، تۈگۈنەك يىلتىز شەكىللىنىشتىن تۈگۈنەك يىلتىز يوغىناش باسقۇچىغا قەدەر ئاز ــ ئازدىن كۆپ قېتىم سۇغۇرۇپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھوسۇل يىغىشتىن 10 كۈن بۇرۇن سۇغۇرۇشنى توختىتىش لازىم.

**4. قايتا تېرىلىدىغان تاۋۇز ئۆستۈرۈشتىكى موھىم نۇقتىلار:**

① ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتقا چىدامىلىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاش لازىم؛ ② يەرگە ئىشلەش: ئالدىنقى زىرائەت يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، دەرھال يەرنى ئاغدۇرۇپ تەكشىلەپ، ھەر مو يەرنى 1000 ــ 1500 كىلوگىرام مەھەللىۋى ئوغۇت، 10 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم؛ ③ تېرىش: تاۋۇزنى6 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ــ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىسا بولىدۇ. تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى دىزىنفېكسىيەلەپ، تۈپ ئارىلىقىنى 35 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر بىر ئۇۋىغا 2 ــ 3 تال ئۇرۇقنى 5 ــ 6 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تېرىپ، مايسىنىڭ تولۇق ئۈنۈپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش

لازىم؛ ④ پەرۋىشى: تاۋۇز مايسا مەزگىلىدە سۇنى كونترول قىلىش، ۋىگىتا-
تىپلىق ئۆسۈش مەزگىلىدە يېتەرلىك سۇغۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش
لازىم. سۇغۇرۇشتا باستۇرۇپ سۇغۇرۇشتىن ساقلىنىش، پوتكۇل ئۆسۈش
مەزگىلىدە 4 ـ 5 قېتىم سۇغۇرۇش كېرەك. ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئو-
غۇتلاش، يەنى تاۋۇز خەمەكلەش مەزگىلىدە ھەر مو يەرگە 10 كىلوگىرام
ئۈچ ئېلېمېنتلىق بىرىكمە ئوغۇت، سويما يوغىناش مەزگىلىدە 10 كىلو-
گىرام ئورىيا ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاپ ۋاقتىدا سۇغۇرۇش لازىم؛ ⑤ پىلەك
تاراش: بۇنىڭدا ھەر تۈپتە ئۈچ تال پىلەك قالدۇرۇپ پىلەك تاراش لازىم؛ ⑥
كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش: تاۋۇز كۆيدۈرگە كېسى-
لىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا 25% لىك بېنمى جىياخۇەنزو (苯米甲环唑)
سۇتسىمان دورىسىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 80% لىك مو-
نۇكس (炭疽福美) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 600 ـ 800 ھەسسە سۇيۇل-
دۇرۇپ پۈركۈش؛ بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا 64%
لىك ساندۇفان (沙毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 600 ـ 800 ھەسسە
سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 96% لىك شىشۇەن مالىن (洗选玛琳) نەملىنىشچان
پاراشوكىنى 2500 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم؛ پىلەك
قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا 52% لىك بېنمى جىياخۇەنزۇ سۇت-
سىمان دورىسىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم؛ ۋىرۇس كې-
سەللىكى پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە 20% لىك ۋىرۇس A (病毒 A)
نەملىنىشچان پاراشوكىنى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم؛ كۆك
پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نەملىنىشچان
پاراشوكىنى 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 20% لىك دىڭچوڭمى (啶虫脒)
ئېرىشچان پاراشوكىنى 3000 ـ 6000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 7 ـ 10
كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماققا تەكشى پۈركۈش لازىم. (02)

# سۇلياۋ لاپاسقا تېرىلغان يېسسىۋىلەكنى پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرى

مەمەتتوختى مەمەتتۇرسۇن
(خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۇلياۋ لاپاسقا تېرىغان يېسسىۋىلەكنىڭ بىخلىنىش مەزگىلىدە 10℃ ـ 22℃، يۇمران مايسا مەزگىلىدە 22℃ ـ 25℃، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 10℃ ـ 22℃ لۇق تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق بولۇپ، ھەر قايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، نەملىكنى 70% ئەتراپىدا ساقلىغاندا مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. مايسا تاقلاپ، مايسا بەلگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. مايسا ئۈنگەندىن كېيىن نىسبەتەن زىچ ئۆسكەن، ئاجىز، كېسەللەنگەن، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان مايسىلارنى ۋاقتىدا يۇلۇپ، 3 ـ 4 يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا تاقلاش لازىم. 5 ـ 6 تال يوپۇرماق چىقارغاندا، تۈپ ئارىلىقىنى 35 ـ 40 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا بەلگىلەپ دەرھال سۇغىرىش كېرەك.

3. كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوت ئوتاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېسسىۋىلەككە 1 ـ قېتىملىق سۇيىنى قويغاندىن كېيىن ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش لازىم. كولتىۋاتسىيە قىلغاندا ئاۋۋال تېيىزراق، كېيىن چوڭقۇرراق چاغلاپ، يان ۋە ئۇششاق يىلتىزلارنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. سۇغىرىپ ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. يېسسىۋىلەكنى دەسلەپتە يېنىك، كېيىن كۆپرەك سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يەنى تېز ئۆسۈپ تۈگۈن تۇتقىچە 5 ـ 6 كۈندە بىر قېتىم، تۈگۈن تۇتقاندىن كېيىن 3 ـ 4 كۈندە بىر قېتىم مۇۋاپىق سۇغىرىشقا دىققەت قىلىپ، تۇپراقنىڭ مۇۋاپىق نەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مايسا بەلگىلەنگەندىن كېيىن يېسسىۋىلەكنى ھەر مو يەرنى 10 ـ 15 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن مايسا تۈپىدىن 10 ـ 15 سانتىمېتىر يىراقلىقتا ئۇۋىلاپ بەرسە، تىمەن ئۆسىدۇ. تۈگۈن تۇتۇشنىڭ دەسلىپىدە ھەر مو يەرنى 10 ـ 20 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت، تۈگۈن تۇتۇشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ھەر موغا 10 ـ 15 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (1) ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دەسلەپتە 5% لىك سولفا قۇرازول (菌毒清) دورىسىنىڭ 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 1.5% لىك جىبىگلىك (植病灵) دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ۋە ياكى 20% لىك ۋىرۇس A (病毒 A) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈشكە دىققەت قىلغاندا ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ؛ (2) قىروۋسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، 25% لىك رىدومىل (瑞毒霉) نى 800 ـ 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا ئىككى قېتىم پۈركۈش ياكى مانكوزىپ (甲霜灵锰锌) نىڭ 500 ـ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا ئىككى قېتىم پۈركۈش لازىم؛ (3) يۇمشاپ چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا، كېسەللەنگەن تۈپ بايقالغان ھامان يۇلۇپ ئېتىز سىرتىغا ئەپچىقىپ چوڭقۇر كۆمۈش ھەمدە مەزكۇر تۈپ ئورنىنى خام ھاك بىلەن دەرھال دېزىنفېكسىيەلەش لازىم. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ستروپتومىتسىن (农用链霉素) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈسمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ (4) يەر يولۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا لىچىنكىلىرى ئۈچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن 80% لىك دىپتېرېكس (敌百虫) پاراشوكى ياكى 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم. ② 90% لىك دىپتېرېكستىن 100 گىرامنى 1 ـ 2 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ 5~10 كىلوگىرام كۈنجۈرىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ يەمچۈك تەييارلاپ، يىلتىزغا يېقىن قىلىپ چېچىپ قويسا، يەر يولۋىسىنىڭ چوڭ ياشلىق لىچىنكىلىرىنى جەلپ قىلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ؛ (5) قىيپاش يوللۇق تۇن پەرۋانىسىنى ۋە كۆكتات قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ① 2.5% لىك دىساس (敌杀死) ياكى فىنۋايلېرات (速灭杀丁) نىڭ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم. ② بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىسىدىن Bt نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى شوگوجىڭ (蔬果净) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم. ئادەتتە بۇ دورىلارنى باشقا ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىلىرىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (05)

## پارنىك كۆكتاتلىرىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن ساقلاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

مەمتىمىن يېمىت
(گۇما ناھىيە چودا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. كۈن نۇرى كۆكتاتلارنىڭ فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئورگانىك ماددا ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسلىق ئامىل ھەمدە كۈن نۇرى پارنىكنىڭ ئاساسلىق ئىسسىقلىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. كۈن نۇرى ئاجىز بولغان ئەتىياز، كۈز، قىش پەسىللىرىدە تەرخەمەك، پەمىدۇر، مۇچ، پىدىگەن، جاڭدۇ، يېسى پۇرچاق، قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە يوپۇرماق تۈرىدىكى كۆكتاتلارنى ئۆستۈرگەندە پارنىكلارنى ئەڭ مۇۋاپىق بولغان يورۇقلۇق يېغالايدىغان قىلىپ لايىھەلەپ ياساش ناھايىتى مۇھىم. شۇڭلاشقا پارنىك سالغاندا ئەڭ ياخشىسى يورۇقلۇق يىغىش بۆلۈكىنى مۇۋاپىق لايىھەلاپ سالغاندىلا ئاندىن يورۇقلۇقنىڭ قايتىشىنى ئازايتىپ، پارنىكقا چۈشىدىغان يورۇقلۇقنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. تېمپېراتۇرا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، مۇۋاپىق نۇر يىغىش شارائىتىنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن پارنىكنىڭ يورۇقلوق ۋە ئىسسىقلىقى مۇۋاپىق بولىدۇ.

2. مايسىلارنى كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ، مايسىنىڭ سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. چىنىقتۇرۇلغان مايسىنىڭ تۈتۈپ ئەسلىگە كېلىپ ئۆسۈشى تېزلىشىدۇ، كۈندۈزى تېمپېراتۇرىنى 18℃ ـ 20℃، كېچىسى 8℃ ـ 10℃ تا كونترول قىلىپ، مايسا كۆچۈرۈشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى پارنىكنىڭ كۈندۈز ۋە كېچە تېمپېراتۇرىسىنى مايسا كۆچۈرۈلىدىغان ئورۇننىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن ئوخشاش قىلىش كېرەك. كۆچۈرۈلىدىغان مايسىلار تېمەن بولۇشى، مايسىلارنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا چىنىقتۇرۇشنى ئۇرۇقنى

بىخلاندۇرۇش مەزگىلدە تېمپېراتۇرىنى دەسلەپتە تۆۋەنرەك قىلىش، تەدرىجىي يۇقىرىلىتىش، ئۇرۇقتا كىچىك بىخ شەكىللەنگەندىن كېيىن تېمپېراتۇرىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىپ، مايسىلارنى سوغۇققا چىداملىق ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلەن: پەمىدۇر، مۇچ، پىدىگەن قاتارلىقلارنىڭ مايسىسىنى يېتىشتۈرگەندە، تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 32℃، كېچىسى 10℃ ئەتراپىدا ساقلاش كېرەك.

3. مايسا كۆچۈرۈش پەيتىنى مۇۋاپىق تاللاپ، كۈز، قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە ناچار ھاۋا كىلىماتى ۋە قىروۋ، ئۈششۈك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مايسا كۆچۈرۈلسە مايسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىدۇ.

4. مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. پارنىكنىڭ سۈلياۋلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش، ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى، سۈپەتلىك، يورۇقلۇق ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى يۇقىرى سۈلياۋ يوپۇقلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ، يوتقان ۋە پاخالدىن ياسالغان پالازلارنىڭ مۇۋاپىق قېلىن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. كۈن نۇرى بولسا پارنىكلارنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى. شۇڭلاشقا ھەر كۈنى كۈن چىقىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۈستىگە يېپىلغان پاختىلىق يوتقان ياكى پاخالدىن ياسالغان ياپقۇچلارنى ئېچىۋېتىش، پارنىكلارنىڭ سۈلياۋلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇپ پاكىزە تازىلاپ، كۈن نۇرىنىڭ يېتەرلىك چۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

6. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، ھاۋا تۇتۇق شارائىتتا پارنىكلارغا مايسا كۆچۈرۈش ياكى تېرىغاندا ئەگمە پارنىك ياساپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 26℃ ـ 28℃، كېچىسى 14℃ ـ 16℃، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 17℃ ـ 20℃ تا كونترول قىلىنسا، يېڭى تېرىغان ئۇرۇق ۋە كۆچۈرۈلگەن مايسىلارنىڭ تۇتۇپ ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىدۇ.

7. كۆن نۆرى ئاجىز پەسىللەردە پارنىكلاردا كۆكتات ئۆستۈرگەندە پار-نىك ئىچىگە 100 ۋاتلىق لامپۇچكا ئورنىتىپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش، كەينى تامنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئاقارتىش، موۋاپىق چوڭلۇقتىكى سۇلياۋنى كەينى تامغا ئارتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يورۇق-لۇقنى سۈنئىي ئۇسۇلدا تولۇقلاش كېرەك.

8. كۆن نۇرىنى تولۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىمۇ پەر-دىنى ئېچىش، قار ياغقاندىن كېيىن قارنى دەرھال سۈپۈرۈۋېتىپ پەردىنى ئېچىش لازىم، ئەگەر يېنىك ئۈششۈك ئاپىتى كۆرۈلسە ئالدى بىلەن ئازراق سۇ چېچىپ ئاندىن سۇلياۋ يوپۇقنى يېپىپ ئالا كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ، پار-نىكنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆكتات ماي-سىلىرىنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

9. پارنىكتا شامال ئۆتكۈزۈپ كۆكتات مايسىلىرىنى چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سىرتقى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاندا چوڭراق، تۆۋەن بولغاندا كىچىكرەك شامال ئۆتكۈزۈش لازىم، بىر كۈن ئىچىدە ئەت-تىگەندىن كەچكىچە شامال ئۆتكۈزۈش مىقدارىنى كىچىكتىن چوڭغا، چوڭدىن كىچىككە بۆلۈش، ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىز ئېچىۋېتىپ، تۇيۇقسىز يېپىپ قويماسلىق كېرەك.

10. تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە سوغۇققا قارشى تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم. پارنىك شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىسسىقلىق ساقلاش لازىم، ئەگەر تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاندا 200 مىللىگىرام پېنتسىللىن (青霉素) غا بىر كىلوگىرام سۇنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك. (03)

# سۇلياۋ لاپاستا بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

بۇرابىيەم تۇرسۇن
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

بۆلجۈرگەننى سۇلياۋ لاپاستا ئۆستۈرگەندە ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرگەنگە قارىغاندا 20 ـ 30 كۈن بالدۇر پىشىدۇ. ھەر مو يەرنىڭ مەھسۇلاتى 2000 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرگەنگە قارىغاندا مەھسۇلاتى 20% ـ 30% ئاشىدۇ. سورت تاللاشتا پارنىكتا سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈلىدىغان سورتنى ھەمدە تىنچلىنىش مەزگىلىدىكى سورتىنى تاللاش كېرەك. نۆۋەتتە، «چۇۋەنمىيشىڭ»، «خامېي»، «چىلگە باۋجاۋ»، «زاۋخۇگۇۋاڭ» قاتارلىق سورتلار ئۆستۈرۈلىدۇ. تىكىدىغان ۋاقىتتا كۆپ يىللىق ئۆستۈرۈش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25℃ ـ 28℃ بولغان ۋاقىتتا تىكسە ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

1. ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى: بۆلجۈرگەن مايسىسىنى توغرا ئۆستۈرۈش — ئۇنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر. بۆلجۈرگەن مايسىسىنى تىكىشنىڭ تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، ئادەتتە بۆلجۈرگەن مايسىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى يەر بىلەن تەكشى قىلىپ تىكىلسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. ھەر مو يەرگە 10 مىڭ تۈپ مايسا تىكىش، ئوخشاش بىر قۇردىكى مايسىنىڭ چېچىكىنى ئوخشاش بىر يۆنىلىشكە قارىتىش كېرەك. مايسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن سۇغىرىش، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولسا تىكىپ بىر تەرەپتىن سۇغىرىش، كېيىن تۇپراقنىڭ

نەملىكىگە قارىتا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم سۈغىرىش لازىم. مايسىدىن 2 ـ 3 تال يوپۇرماق چىققاندا قۇرۇپ قالغان، كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۈچ ئېلېمېنتلىق مۇرەككەپ ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. ئوغۇتلاشتا چۈنەكلەپ ئوغۇتلاش ياكى ئۇۋۇلاپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ.

2. سۇلياۋ لاپاسنىڭ يوچۇقىنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىنكى پەرۋىشى: مايسىنى پەرۋىش قىلىشتا سۇلياۋ لاپاسنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ياخشى كونترول قىلىش كېرەك. مايسا چېچەكلەشتىن ئىلگىرى ئادەتتە تېمپېراتۇرىنى 30℃ تىن تۆۋەن ھالەتتە كونترول قىلىش، مايسا چېچەكلىگەن مەزگىلدىن بۆلجۈرگەن چوڭىيىۋاتقان مەزگىلگىچە سۇلياۋ لاپاسنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 20℃ ـ 25℃ تا كونترول قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 30℃ تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. دەسلەپتە چۈشتە ھاۋا ئالماشتۇرۇش، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، لېكىن ھاۋا ئالماشتۇرۇش بەك تېز بولماسلىق لازىم. تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ 35℃ ـ 40℃ قا يەتكەندە تېمپېراتۇرىنى پەيدىنپەي تۆۋەنلىتىش كېرەك. بولمىسا يېڭى يوپۇرماق تېمپېراتۇرىنىڭ تېز ئۆرلىشىگە ماسلىشالماي قۇرۇپ قالىدۇ. بۆلجۈرگەندە كۆرۈلىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۆلجۈرگەننى ئاقىرىشقا باشلىغان مەزگىلدە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك. سۇغىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تېرمىل (百菌清) ياكى سۇملىكىس (速克灵) بىلەن ئىسلىسا بولىدۇ، ئىسلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا چوقۇم كەچتە ئىسلاش كېرەك، بولمىسا مايسىلار قۇرۇپ قالىدۇ. (03)

# كۆن نورلۇق پارنىك قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر

خۇرشىدەم ھېزىم
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆن نورلۇق پارنىكتا پەسىلسىز كۆكتات ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا جايلار ئۆز جايىنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئېنىرگىيە تېجەيدىغان كۆن نورلۇق پارنىك قۇرۇلما لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

1. ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كۆن نورلۇق پارنىك قۇرۇلۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر: پارنىك قىلىنىدىغان ئورۇننىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ ئورنى تۆۋەن، شورسىز، سۇ مەنبەسىگە يېقىن، شامالدىن خالىي، كۆن نورى تولۇق چۈشىدىغان بولۇشى كېرەك. پارنىك كۆن نورى تولۇق چۈشۈپ، كۆن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدىغان قىلىپ لايىھەلىنىشى، ئۈنىڭدىن باشقا پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى مۇقىم ساقلاپ، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىنى ئازايتىش كېرەك.

2. پارنىك قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر: پارنىك يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە، كەينى شىمالغا، ئالدى جەنۇبقا قارىغان ھالەتتە قىلىنىپ، غەربكە 5 ـ 8 گىرادۇس قىيپاش بولۇشى، ئىككى پارنىك ئارىلىقى يەتتە مېتىردىن يۇقىرى بولۇشى، ئۆزئارا سايە چۈشۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. پارنىك تېمىنىڭ قېلىنلىقى 1.2 ـ 1.5 مېتىر بولۇشى، تېمىنىڭ ئەڭ ئېگىز ئورنى 3.5 مېتىر، كەينى تام ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر بولۇشى لازىم. پارنىك ئۆگزىسى قېلىن، پۇختا يېپىلغاندىلا پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرگىلى بولىدۇ. كەينى تام بىلەن ئۆگزىنىڭ گىرادۇسى 45℃ بولۇشى كېرەك. ئۆگزىلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.3 ـ 2.4 مېتىر، سېمونت تۈۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.2 ـ 3.3 مېتىر قىلىنىپ، 50 ـ 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەر ئاستىغا كۆمۈپ، يەر ئۈستىدىكى قىسمىنى 2.7 مېتىر ئەتراپىدا قىلىش كېرەك.

# تەشتەك گۈللىرىنى ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

1. تەشتەك گۈللىرىنى يىلدا 2 ـ 3 قېتىم تۇپىسىنى مەخسۇس گۈل تو - پىسى (ئورمان تۇپىسى) غا ئالماشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئازوتنى سۇدا ئېرىتىپ ئوغۇتلىسا، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە باراقسان ئۆستۈرۈپ، دائىم گۈلى ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. كالىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تىمەن ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا تەشتەك گۈللىرىنى قەرەللىك ھالدا كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. گۈلى ئۇزۇنراق ئېچىلىدىغان گۈللەرنى مۇۋاپىق مىقداردا فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىغاندا، گۈل ئېچىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

---

3. باشقا كېرەكلىك ئەسلىھەلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر: سۇلياۋ يوپۇق - نى تاللاشتا، نۇر ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى، سۇ تامچىلىمايدىغان يو - پۇرماقلارنى تاللاش كېرەك. پارنىك ئالدىغا 40 سانتىمېتىر كەڭلىك - تە، 50 ـ 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ، ئىچىنى شاخ ـ شۇمبا ياكى سامان بىلەن توشقۇزۇپ ئۈستىنى توپا بىلەن كۆ - مۈش كېرەك. بۇ خىل ئىسسىقلىق ساقلاش ئېرىقچىسى پارنىكنىڭ تۆ - ۋەن قىسمىدىن توڭ مېڭىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كېچىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پارنىك يوتقىنىنىڭ قېلىنلى - قىنى تۆت سانتىمېتىر، كەڭلىكىنى بىر مېتىر قىلىپ، بىر ـ بىرىگە 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كىرىشتۈرۈپ يېپىش، تۆۋەن تەرىپىنى 50 ـ 70 سان - تىمېتىر ئاشۇرۇپ يېپىش كېرەك. (02)

4. تەشتەك گۈللىرىنى قەرەللىك ھالدا مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىغاندا، گۈللەرنى باراقسان ئۆستۈرۈپ، ۋاقتىدا ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

5. تەشتەك گۈللىرىنى ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى ئاساس قىلىپ، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى قوشۇمچە قىلىپ مۇۋاپىق ئوغۇتلاش لازىم. ئادەتتە سەھەردە ياكى كەچقۇرۇن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىگەندە ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش لازىم. تەشتەك گۈللىرىنى ھەرگىز باراقسان ئۆسۈپ، گۈلى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە ئوغۇتلىماسلىق كېرەك.

6. تەشتەك گۈللىرىنى ئائىلىدە قوي مايىقى، قۇش مايىقى، سۆڭەك، تۇخۇم شاكىلى پاراشوكى قاتارلىقلارنى ئوبدان چىرىتىپ، گۈللەرنى مۇۋاپىق قەرەللىك ئوغۇتلىسا، ھەر خىل ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ باراقسان ئۆستۈرۈپ تۆت پەسىلدە ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

7. تەشتەك گۈللىرىنى قەرەللىك ھالدا قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، كۈن نۇرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندا، گۈلنىڭ ساغلام ئۆسۈپ، ۋاقتىدا ئېچىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

8. تەشتەك گۈللىرىنى يىلدا 1 ـ 2 قېتىم سۈپەتلىك ئۆسۈملۈك كۆلى بىلەن ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلغاندا، تېمەن ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

9. تەشتەك گۈللىرىنى مەخسۇس خالتىلىق گۈل ئوغۇتلىرى بىلەن ئوغۇتلىغاندا، خالتىغا يېزىلغان چۈشەندۈرۈشى بويىچە مۇۋاپىق ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

10. تەشتەك گۈللىرىنى مەخسۇس ئوغۇتلاش ئوغۇتلىرىنى ئىشلەتكەندە، مۇۋاپىق سۇدا سۇيۇلدۇرۇپ ئىشلىتىشكە چوقۇم دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئالما دەرىخنى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلىگە كەلتۈرۈپ چاتاش ئۇسۇلى

ئەھەتجان ئېلى
(كەلپىن ناھىيەلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

1. ئۈستىنى ئېچىۋېتىش: ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستى قىسمىنى ئېچىۋېتىش ئاساسلىقى ئالمىنىڭ ئۆسۈشى تۇراقلىشىپ، كۆپ مىقداردا گۈل شېخى پەيدا بولغاندىن كېيىن چاتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئالمىنىڭ كىچىك تاجلىق دەرەخ شەكلى شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. ئېچىۋېتىلىدىغان دائىرىدە شاخ گۇرۇپپىسى ئىمەن، چېچەك بىخلىرى كۆپ بولغان ئاساسىي شاخ بولۇشى كېرەك. قىشلىق چاتاش مەزگىلىدە غولنىڭ ئۈستى قىسمىدىن ئاستى قىسمىغا قاراپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتىلىدۇ. ئالما دەرەخنىڭ ئۈچ قىسمى ئۈستۈنلىكنى يان ئۈچلىرى ئۈستۈنلۈككە ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇ خىل دەرەخ شەكلى ئادەتتە قىزىل ئەتلىك ئالمىلارغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋېتىش ئالما دەرىخى تىكىلىپ 6 ـ يىلى باشلىنىدۇ، ئاۋۋال ئاساسىي شاخنىڭ ئۈستىدىكى كىچىك مېۋە شاخلارغا تەدبىقلىنىپ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئاستى قىسمىغا قاراپ چاتاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ ئۈستىدىكى ئاساسىي شاخقا كەلگەندە توختىتىلىدۇ. ئادەتتە 10 يىل ئەتراپىدا ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋېتىش مەشغۇلاتىنى تاماملىسا ئۈنۈمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

2. غولنى ئېگىز قالدۇرۇش: ئالمىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلى بولسا شاپتۇلنىڭ ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلىدەك ئىككى يان تەرەپكە ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىدىغان دەرەخ شەكلىدۇر. ئەمما ئۇ شاپتۇلنىڭكىدەك تىكىپلا غولنى پاكارلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئەكسىچە، كىچىك تاجلىق دەرەخ شەكلى ئاساسىدا، غولنى ئېگىزلىتىپ، شاخلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندە، ئاندىن ئېگىز غوللۇق ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلى يېتىشتۈرۈپ چىقىلىدۇ. غولنى ئېگىز قالدۇرۇش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرسى، ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن شاخ

گۇرۇپپىسىنىڭ تۆۋەن يۆنىلىشكە قاراپ ئۆسۈش ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ، مېۋىلەش مەزگىلىدىكى ئالمىلاردا تۆۋەن يۆنىلىشكە قاراپ ئۆسكەن مېۋە شاخلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ. غول بەك پەس بولۇپ قالسا، ئالما مېۋىسىنىڭ سۈپىتى دېگەندەك ياخشى بولمايدۇ، شۇنداقلا غول ئېگىزلىكىدە دەرەخ تاجىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاستى قىسمىنىڭ ھاۋا يو- رۇقلۇق شارائىتى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، غولنى ئېگىزلىتىپ كۆچەتنى مۇقىملىغاندا 80 ـ 100 سانتىمېتىر ئارىلىقتا ئاساسىي شاخ تەربىيەلەنمەيدۇ، پەقەت ۋاقىتلىق كىچىك تىپتىكى تۆ- ۋەنگە قاراپ ئۆسكەن مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى تەربىيەلىنىپ، «ئۈستى كۈچلۈك، ئاستى ئاجىز» ھالەت شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئۈستى قىسمى بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن شاخلار ئېلىۋېتىلىپ، غولنىڭ ئېگىزلىكى ئاشۇرۇلىدۇ.

3. يورۇقلۇقنى تەڭشەش: ئالمىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېچىلىپ، ئاستى قىس- مىدىكى شاخلار چاتىلىپ غول ئېگىزلىتىلگەندىن كېيىن، دەرەخ تاجىسىنىڭ يوپۇرماق كۆلىمى تۆت ئەتراپىغا كېڭىيىدۇ. شاخ گۇرۇپپىسىنىڭ ئاستى قىسمى تۆۋەنگە ئۆسۈپ، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتى ئالاھىدە ياخشىلىنىدۇ.

4. شاخ گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى. ئوت- تۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلىدە شاخ گۇرۇپپىسى، شاخلارنى قويۇ- ۋېتىش ئارقىلىق تەربىيەلىنىدۇ. كۆپ يىل قويۇۋېتىلگەن شاخلارنى تاللاپ، ئۇلارنى ئىزچىل ئۇزارتىپ، شاخلىتىپ، ئانا مېۋە شاخ قىلىپ تەر- بىيەلىنىدۇ. ئاساسىي شاخ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئۇزۇن بولىدۇ، شۇڭا ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن ئالمىلاردا مېۋە ئانا شېخى تەربىيەلەش ئىنتايىن مۇھىم. (1) مېۋە شاخ ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارغا ئومۇمىيۈز- لۈك تارقالغان بولىدۇ، ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 10 ـ 20 سانتىمېتىر بولىدۇ، تەربىيەلەنگەن مېۋە شاخلاردا يان تەرەپتىكى شاخ ئاساس قىلىنىدۇ. شاخ كەمچىل بولسا مىنگەن شاخ ۋە ئاستى تەرەپكە قاراپ ئۆسكەن شاخلاردىن

ياكى مۇۋاپىق ئورۇننى تىلىپ، يوشۇرۇن بىخلارنى غىدىقلاپ، ئۇلاردىن چىققان شاخلار تەربىيەلىنىدۇ. كۆچەت مەزگىلى ۋە ئۆتكۈنچى مەزگىلدە شاخلارنىڭ ئۈچ بىخ ئۇستۇنلۇكىنى ئېلىش ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىپ، 1 ـ 2 قېتىم قىسقا كېسىش لازىم. ئاساسىي شاخ تاللانغاندىن كېيىن، ھەر 50 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىردىن يان شاخ ۋە چوڭ ئانا شاخلار قالدۇرۇلىدۇ؛ (2) قويۇۋېتىلىپ مېۋىلەتكۈزۈش: ئانا مېۋە شاخنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن قويۇۋېتىلىپ تەبىئىي ئۆستۈرۈلىدۇ. ناۋادا ئانا مېۋە شېخىنىڭ بولۇڭ گىرادۇسى تىك ياكى ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇپ قالسا، تارتىش، تولغاش ئارقىلىق بولۇڭ گىرادۇسى 50 ـ 60 گىرادۇستا ساقلىنىدۇ. كېيىنكى يىللىرى ئىزچىل قويۇۋېتىلىدۇ؛ (3) شاخ گۇرۇپپىسىنى ساقلاش ۋە يېڭىلاش: ئانا مېۋە شېخى ئۈزراپ، يېڭى مېۋىلەش ئورنى پەيدا قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا كۆن نۇرنىڭ تولۇق چۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش مېۋە شېخىنىڭ مېۋە بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئۇدا مېۋە بېرىش يىل سانى 3 ـ 4 يىل بولىدۇ. ئاندىن كېيىن قىشلىق چاتاش مەزگىلىدە چاتاش ئارقىلىق مېۋە شاخلار يېڭىلىنىدۇ. ئاجىزلىرى چاتىلىپ، زىيادە ئۈزراپ كەتكەنلىرى قىسقارتىلىپ، يېڭى شاخلار تەربىيەلىنىپ، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

5. شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مەزگىلگە بۆلۈنىدۇ. (1) كۆچەت مەزگىلى (1 ـ 5 يىلغىچە): مەركىزىي غولغا 10 ـ 12 تالغىچە ئاساسىي شاخ جايلىشىدۇ، شاخلارنىڭ ئارىلىقى 25 ـ 30 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ، ئېگىزلىكى 3.5 ـ 4 مېتىر بولىدۇ. كۆچەت مەزگىلىدە ئاساسىي شاخلار ئىزچىل قىسقا كېسىش ئارقىلىق ساغلام دەرەخ گەۋدىسى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاساسىي شاخنىڭ ئېچىلىش بۇلۇڭى 50 ـ 60 گىرادۇسقىچە بولۇپ، پاكار غوللۇق ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخلەرنىڭ ئاساسىي شاخ بۇلۇڭى كىچىكرەك، ئېگىز غوللۇقنىڭ چوڭراق بولىدۇ؛ (2) ئۆتكۈنچى

مەزگىلى (5 ـ 6 يىلدىن كېيىن): ① غولنى سويۇپ ئېلىۋېتىش (غولنى تىلىش) چېچەكنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش، ئادەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدا 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولسا بولىدۇ، قوۋزاقنى سويۇپ ئېلىۋېتىش كەڭلىكى غول توملۇقىنىڭ ئوندىن بىرىچە لىك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ ② شاخلارنى چىقىرىۋېتىپ، غولنى ئېگىزلىتىش، 5 ـ 6 يىلدىن باشلاپ ئاستى قىسمىدىن ئۈستى قىسمىغا قاراپ، ھەر يىلى 1 ـ 2 تالغىچە شاخنى چىقىرىپ تاشلاپ، 8 ـ يىلىغا بارغاندا ئۆتكۈنچى مەزگىلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، غولدىكى ئاساسىي شاخلارنى بىراقلا چاتاش، ئەكسىچە توپلىشىپ قالغان بولسا ئاۋۋال چوڭلىرىنى ئاندىن كىچىكلىرىنى يىلىغا بۆلۈپ چاتاش، ئۈستى قىسمىدىكى ئاساسىي شاخلار كۆپلەپ مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەن بولسا ھەممە ئاساسىي شاخنى بىر يوللا چاتاش كېرەك. ③ باش قىسمىنى چاتاپ، ئوتتۇرىسىنى ئېچىش لازىم. باش قىسمىنى چاتاپ ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋېتىش ــ شاخنى شالاڭلىتىپ، غولنى كۆتىرىش ياكى بولمىسا غولنى ئېگىزلىتىش مەشغۇلاتىنى 1 ـ 2 يىلدىن كېيىن قوللىنىش كېرەك. شۇڭلاشقا ئەڭ ئۈستىدىكى ساقلاپ قېلىنىدىغان ئاساسىي شاختىكى كىچىك مېۋە شاخلار قالدۇرۇلىدۇ. كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ياكى ئارىلاپ، شاخلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، 8 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەڭ ئوتتۇرىدىكى ئاساسىي شاخنى يېتىشتۈرۈش لازىم؛ (3) يېتىلىش (شەكىللىنىش) مەزگىلى: بۇ مەزگىلدە دەرەخ شەكلى مۇقىم ھالەتتە ساقلىنىدۇ، ئاساسىي شاخلارنى مەركەز قىلغان يەلپۈگۈچسىمان شاخلار توپى يەنىلا ئاستا ـ ئاستا يان تەرەپكە ۋە سىرتقا قاراپ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىدۇ. شۇنداقلا ئانا مېۋە شېخى ئۆزلۈكسىز تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئۆسىدۇ. دەرەخ تاجىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە قالدۇرۇلغان 4 ـ 5 تال ئاساسىي شاخ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا ئۈستمۇئۈست چۈشۈپ قالىدىغان ھالەت ئۆزلۈكسىز ئاشكارىلىنىشقا

باشلايدۇ. قىشلىق چاتاش ۋاقتىدا، بوشلۇققا ئاساسەن يىلغا بۆلۈپ شاخلارنى شالاڭلىتىش، ئوخشاشلا گىرەلىشىپ كەتكەن 1 ـ 2 تالغىچە ئاساسىي شاخلارنىمۇ مۇۋاپىق كېسىش، ئەڭ ئاخىرىدا بىر تۈپتە 2 ـ 4 تالغىچە ئاساسىي شاخ قالدۇرۇش كېرەك.

6. نىشانلانغان (مەھسۇلاتلىق) دەرەخ شەكلى: ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە، قوللىنىلىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. ① پاكار غوللۇق ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلى: غول ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا، دەرەخ ئېگىزلىكى 2 ـ 2.5 مېتىر بولۇپ، غولىنىڭ 1 ـ 1.6 مېتىر ئارىلىقتا 2 ـ 3 تال ئاساسىي شاخ جايلاشقان بولىدۇ، ئاساسىي شاخ بۇلۇڭى 45 گىرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. ئارتۇقچىلىقى: شەكىللىنىشى تېز، كۆچەت مەزگىلى قىسقا، كەمچىلىكى: دەرەخ تاجىسىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ يورۇقلۇق شارائىتى ناچار بولىدۇ؛ ② ئوتتۇراھال غوللۇق ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلى: غول ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، دەرەخ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر بولۇپ، غولىنىڭ 1.5 ـ 2.5 مېتىر ئارىلىقتا 2 ـ 3 تالغىچە ئاساسىي شېخى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئارتۇقچىلىقى: شەكىللىنىشى بىرقەدەر تېز، مول ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك بولىدۇ، كەمچىلىكى: تۆۋەن قىسمىنىڭ نۇر ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىرقەدەر ناچار بولىدۇ؛ ③ ئېگىز غوللۇق ئوتتۇرىسى ئېچىۋېتىلگەن دەرەخ شەكلى: غول ئېگىزلىكى 1.8 ـ 2.5 مېتىر بولۇپ، دەرەخ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر ئاساسىي غولىنىڭ 1.8 ـ 2.8 مېتىر ئارىلىقىدا 3 ـ 4 تالغىچە ئاساسىي شاخ ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئاساسىي شاخ بۇلۇڭى 80 ـ 90 گىرادۇسقىچە بولىدۇ، ئارتۇقچىلىقى: نۇر چۈشۈشچانلىقى ياخشى، ئۆسۈشچانلىقى ئوتتۇراھال بولىدۇ. كەمچىلىكى: مېۋىگە كىرىش مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ. (03)

# چىلان ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

قاھار قاسىم

(توقسۇن ناھىيە بوستان يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. چىلان كۆچىتىنى تىكىش:** چىلان كۆچىتىنى ئەتىيازدا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە (تۇپراقنىڭ توڭى ئېرىگەندىن باشلاپ چىلان بىخلانغىچە) تىكسە مۇۋاپىق بولىدۇ. تەۋەيمىزدە قىشتا قۇرغاق، شامال كۆپ چىققاچقا ئاساسەن ئەتىيازدا تىكىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار چىلان كۆچىتىنى تىكىپ باغ بەرپا قىلىشتىن ئۇرۇقنى بىۋاسىتە تېرىپ باغ بەرپا قىلىشقا يۈزلەندى. بۇنىڭدا تۇنجى يىلىلا كۆچەتنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**2. تىكىش ئۆستۈرۈش زىچلىقى:** تەۋەيمىزدە چىلان 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈپ قۇر ئارىلىقىنى 3.5×5 مېتىر قىلىپ تىكىلگەن ئىدى. نۆۋەتتە مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بالدۇر ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن، تۈپ قۇر ئارىلىقىنى 1.5×4 مېتىر ياكى 1.5×3 مېتىر قىلىپ تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ. چىلان تىككەندە تۇنجى سۇيىنى قويۇپ بولۇپ، كۆچەت ئەتراپىدىكى بىر مېتىر دائىرىگە سۇلياۋ يوپۇق ياپسا تۇپراق نەملىكىنى ساقلاپ، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرىلىتىپ، ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ.

**3. چىلاننى ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش:** ئادەتتە 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرىغىچە ئۇلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلاش ۋاقتى ئالدىغا سۈرۈلسە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، زەخىملەنگەن توقۇلمىلار ۋاقتىدا پۈتۈشمەي ئەي بولۇشقا تەسىر يېتىدۇ. ئۇلاش ۋاقتىدا لايىغا چىلاپ تەييارلانغان ئۇلاق ئۇستى بولسا، ئۇلاش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ.ئۇلاشتا يارما ئۇلاق ياكى قوۋزاق ئۇلاق قىلىش

لازىم. ئەگەر ئۈلاق تۈتمىغان تۈپلەرگە قارىتا ئۈلاق ئاستىدىن چىققان يۇمران شاختىن بىرنى قالدۇرۇپ، 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يۇمران شاخ ئۈلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، ئۈلاش ئۇسۇلى ئەتىيازدا ئۈلاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولىدۇ.

**4. ئۈلانغاندىن كېيىنكى پەرۋىش:** ئۈلاقلىق ئەي بولغاندىن كېيىن، ئۈلاق ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان يان شاخلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىش، ئۈلاق ئۈستى ئۆسۈپ 25 ـ 30 سانتىمېتىر بولغاندا ئۈلاقنى تېڭىشقا ئىشلەتكەن سۇلياۋ تانىنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ، يارا ئېغىزىنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىش كېرەك. ئۈلاقلىق ئۆسۈپ 0.8 ـ 1 مېتىر بولغاندا ئۇچىنى ئۈزۈپ، كۆچەت غولىنىڭ تومىلىشىشىنى تېزلىتىش لازىم.

**5. چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىش:** چىلان چېچەكلەش ۋاقتىدا ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى % 60ـ % 70تىن تۆۋەن بولسا چاڭلىنىشقا تەسىر يېتىدۇ. رايونىمىز قۇرغاق رايون بولغاچقا چىلان چېچەكلەش مەزگىلىدە ھاۋا نەملىكى تۆۋەن بولسا، مەھسۇلات مىقدارىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا چىلان چېچەكلەش مەزگىلىدە ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن سۇ پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. دەرەخ تېنىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە چېچەك ـ مېۋىنىڭ تۆكۈلۈشى ئېغىر بولىدۇ، مېۋىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۆسۈش مەزگىلىدە ئوزۇقلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن شاخلارنىڭ ئۇچىنى ۋاقتىدا ئۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئادەتتە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك.

**6. شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش:** رايونىمىزدا چىلان دەرىخى تەبىئىي يېتىلگەن شەكىل، غولىنى تارقاقلاشتۇرۇپ قەۋەتلەرگە بۆلۈش شەكلى، يۇمىلاق تاجلىق شەكىللىرى قوللىنىلماقتا. ئاساسلىقى غولىنى تارقاقلاشتۇرۇپ قەۋەتلەرگە بۆلۈش شەكلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بىرىنچى يىلى

غولىدىن چىققان شاخلاردىن ئۈچ تال شاخ قالدۇرۇپ، ئۈچ تال ئاساسىي شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ، بۇ ئۈچ ئاساسىي شاختىن ھەر بىرىدىن بىردىن يان شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئاساسىي شاخلاردىن ئىككىنچى يان شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ھەربىر يان شاخ 20 ـ 30 سانتىمېتىر، غول شاخ 15 ـ 20 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**7. ئوغۇتلاش:** چىلاننى ئوغۇتلىغاندا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك، قوشۇمچە ئوغۇتنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىشكە دىققەت قىلىش لازىم. يەنى قوشۇمچە ئوغۇتلاردىن ئازوت، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىش كېرەك. كۈزدە مېۋىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن ئاساسىي ئوغۇتنى ھەر مو يەرگە 2500 ـ 5000 كىلوگىرام تەييارلاپ، ئورەك كولاپ ياكى چېچىپ ئاغدۇرۇش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتنى چېچەكلەش، مېۋە چوڭلاش مەزگىلىدە دەرەخ تۈۋىدىن مۇۋاپىق ئارىلىقتا كۆمۈپ بېرىش، شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ھەر خىل يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش كېرەك.

**8. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۈنۈملۈك يوقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. رايونىمىزدا چىلانغا زىيان سېلىۋاتقان ھاشاراتتىن قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار بار. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا چىلانلىق باغلارنى پاكىز تازىلاپ، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، قىشلىق پەرۋىشكە بىرلەشتۈرۈپ، كونا قوۋزاقلارنى قىرىپ چۈشۈرۈپ يىغىپ كۆيدۈرۈپ، ھاشارات مەنبەسىنى ئازايتىش لازىم.

4ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چىلان بىخلىنىشتىن بۇرۇن ھاك ـ گۈڭگۈرت ئېرىتمىسىنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تومانلىتىپ چېچىش كېرەك. ھاشارات ئېغىر پەيدا بولغاندا %20 لىك سۇپىراتسىت (速扑杀) نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. (03)

# بۇغداي ئېتىزىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

پاتىگۈل ئابلەت
(ئاتۇش شەھىرى كاتتايلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. يەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىش كېرەك.

2. ئۇرۇقنى ياخشى تاللاپ، پاكىز تازىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. تېرىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرگە 30% لىك گىلىفوسفات (草甘磷) دىن 300 ـ 500 مىللىلىتىر ياكى 20% لىك پاراكۇئات (百草枯) دىن 150 مىللىلىتىر چاچسا ئېتىزدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

4. نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك. چىلگە كۆممىقوناق، كۈزگى بۇغداي، جاغدا كۆممىقوناقنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىسا، چوپۇرشاڭ، چوغۇندان ۋە بوز شېغىل قاتارلىق ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

5. زىرائەتلەرنى مۇۋاپىق زىچلىقتا تېرىسا، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈش شارائىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، زىيان سېلىشىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

6. خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش كېرەك. ① ئەتىيازدا ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈۋاتقان ۋاقىتتا ھەر مو يەرگە 72% لىك 2,4-D بوتىل (2,4-D 丁酯) دىن 40 ـ 50 مىللىلىتىر ياكى 70% لىك خىدونال (2甲4氯) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 80 ـ 150 گىرامغا 30 لىتىر سۇ ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە چوپۇرشاڭ، چوغۇندان قاتارلىق قوش پەللىلىك ئوت ـ چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ. لويلا، ياۋا قۇلماق، قۇشقاچ تىلى قاتارلىق كەڭ يوپۇرماقلىق ئوت ـ چۆپلەر كۆپ بولسا، يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئەتىيازدا ياۋا ئوت ـ چۆپ 2 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغاندا چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. غاشا، ئېتىزلىق يۆگىمە قاتارلىقلار

كۆپ بولسا، 20% لىك ستاران (使它隆) نى ھەر موغا 40 ـ 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈسە بولىدۇ. ② توشقان قۇيرۇق، ئاپىخان، تېرىقچاچ قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ھەر مو يەرگە 25% لىك خلورتولورۇن (绿麦隆) دىن 200 ـ 300 گىرام ئېلىپ، 30 لىتىر سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، بۇغداي مايسىسى ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن تۇپراققا چاچسا بولىدۇ ياكى 25% لىك ئىزوپروتورون (异丙隆) دىن 200 ـ 250 گىرام ئېلىپ، سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇغداينى تېرىپ بولغاندىن كېيىن تۇپراققا چاچسا بولىدۇ. ئاپىخان 3 ـ 4 تال يوپۇرماق چىقارغاندا، ھەر مو يەرگە 36% لىك خېلون (禾草灵) دىن 150 ـ 180 مىللىلىتىر ئېلىپ، سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە بولىدۇ. مايتاران، توشقان قۇيرۇق ۋە مەستەك (زەھەرلىك بۇغداي) قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ھەر مو يەرگە خېلوندىن 170 ـ 200 مىللىلىتىر ئېلىپ، سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە بولىدۇ. ئەگەر بۇ دورا سۇيۇقلۇقىغا 0.2% لىك سوپۇن پاراشوكى قوشۇپ چاچسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئارپىخان، توشقان قۇيرۇق قاتارلىقلار 3 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغاندا، ھەر مو يەرگە 6.9% لىك پىئوما (骠马) سۇتسىمان دورىسىدىن 40 ـ 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، 30 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچسا ياكى ھەر مو يەرگە 40% لىك تىرئاللات (燕麦畏) سۇتسىمان دورىسىدىن 150 ـ 200 مىللىلىتىر ئېلىپ، سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، بۇغداينى تېرىشتىن بۇرۇن تۇپراق يۈزىگە چېچىپ دەرھال ئاغدۇرۇپ تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

# پارنىك، سۇلياۋ كېمىرلەردە ئۆستۈرۈلگەن قوغۇندا كۆرۈلىدىغان يوپۇرماق قولتۇقىدىن سېسىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

ھەمراگۈل نىياز
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

پارنىكتا ئەتىيازلىق قوغۇن تېرىشتا ئىنچىكىلىك بىلەن پەرۋىش قىلىش لازىم. 4 - ئاينىڭ باشلىرى خەمەكنىڭ چوڭىيىش مەزگىللىرىدە قوغۇن پېلىكىدە يوپۇرماق قولتۇقىدىن سېسىش كېسەللىكى ئاسان پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنى كونترول قىلمىغاندا سوپەتلىك قوغۇن ئىشلەپچىقار-غىلى بولمايدۇ. بۇ خىل كېسەللىك تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئاسان پەيدا بولىدۇ. يەنى ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىماسلىق، تېرىشتىن بۇرۇن پارنىك، سۇلياۋ كېمىر تۇپرىقىنى دېزىنفېكسىيە قىلماسلىق، يان شاخلارنى قول بىلەن ئۈزۈش، كۆچەتنى قويۇق تىكمۇېتىش، پارنىك، سۇلياۋ كېمىر ھاۋا-سىنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى: نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش لازىم. تېرىشتىن بۇرۇن پارنىك، سۇلياۋ كېمىرنى ئىسلاش ۋە تۇپراقنى باۋىستىن (多菌灵) قاتارلىق دورىلار بىلەن دېزىنفېكسىيەلەش، تۇپ - قۇر ئارىلى-قىنى مۇۋاپىق قىلىش، پارنىك ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بې-رىش، پىلەك تاراشتا چوقۇم قايچا ئىشلىتىش، بالدۇر پىلەك تاراش، كەس-كەن ئورۇننى شامالدىتىش بىلەن بىرگە داۋاملىق كۆزىتىپ، كېسەللىك كۆرۈلگەن ھامان خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك. يەنى مېتىل توپسىن (甲基托布津)، باۋىستىن قاتارلىق دورىلارنى پۈر-كۈش ۋە يىلتىزىغا قويۇش ياكى باۋىستىن ۋە مېتىل توپسىننى 1:1 نىس-بەتتە سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 - 3 قېتىم كېسەللەنگەن ئورۇنغا ۋە كېسەللەنگەن يەرنىڭ ئاستى، ئۈستىدىن 15 سانتىمېتىر دائىرىگە سۈرۈش كېرەك. (03)

# دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان كۆكتاتلارنى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى

چىمەنگۈل ساقاجىيوف
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
ماھىرە ئابلىز
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن)
ئابدۇرېھىمجان مۇتەللىپ
(قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

سۇلياۋ لاپاستا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارغا دورا چاچقاندا ئىشلىتىش مىقدارى، ۋاقتى مۇۋاپىق بولمىسا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر زىيانغا ئۇچراش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە دەرھال قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى قوللىنىش لازىم.

1. سۈزۈك سۇ پۈركۈش: دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ناتوغرا ئىشلىتىش سەۋەبىدىن زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، دەرھال سۇ پۈركۈپ ئۆسۈملۈك سىرتقى قىسمىدىكى دورا سۇيۇقلۇقىنى پاكىز چىقىرىۋېتىش لازىم. ئەگەر كۆكتاتلار ئىشقارلىق دورىلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان بولسا دورا سۇيۇقلۇقىغا مۇۋاپىق مىقداردا ئاچچىقسۇ قوشۇش، كىسلاتالىق دورىلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان بولسا 0.1% لىك ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك قوشۇپ پۈركۈش لازىم. ئۇنىڭدىن سىرت سۇلياۋ لاپاستا ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئىسسىقلىق تارقىتىپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ، زىيانلىق گازلارنى چىقىرىۋېتىش لازىم.

2. دورا زىيىنىغا ئۇچرىغان شاخ ـ يوپۇرماقلارنى ئۈزۈش: دورا زىيىنىغا ئۇچراپ يېشىللىقنى يوقاتقان شاخ، يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىپ، دورىنىڭ ئۆسۈملۈك ئىچكى قىسمىغا سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. ۋاقتىدا سۇغىرىش: سۇلياۋ لاپاستىكى كۆكتاتلارنى سۇغارغاندا تەن ھۈجەيرىسىدىكى سۇ مىقدارى ئېشىپ، مېتابوزلىزم كۈچىيىپ، زىيانلىق ماددىلارنىڭ نىسپىي مىقدارى ئازىيىدۇ، يىلتىز سىستېمىسىغا يىغىلغان زىيانلىق ماددىلارنى ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

# ئالمىنىڭ تۆشۈتلۈق كۆك پېتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل ئابدۇۋەلى

(قورغاس ناھىيە ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن)

ئالما تۆشۈتلۈق پىتى يەنە قان رەڭلىك پىت ياكى كېۋەز پىتى دېيىلىدۇ. ئالمىنىڭ ئاساسلىق كارانتىن ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھاشارات ئەسلىي شىمالىي ئامېرىكىدىن تارقالغان بولۇپ، 2006 ـ يىلىدىن تارتىپ قورغاس رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. كۆپىيىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، ئاساسلىقى يېتىلگەن ھاشارىتى بىلەن لىچىنكىسى ئالما شېخى ۋە يىلتىز قىسمىغا تۈپلىشىپ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپ پارازىتلىنىپ، دەرەخنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەمدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپ بويىچە قۇرۇيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالما تۆشۈتلۈق كۆك پىتىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، زىيان سېلىش دەرىجىسى ئېغىر بولماقتا. شۇڭا ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئالما مەھسۇلاتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئالما تۆشۈتلۈق كۆك پىتى يوشۇرۇن ياشاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، تېنىدىن بىر خىل ئاق رەڭلىك تۆشۈتسىمان ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، شۇڭا ئالدىنى

---

4. تەكشى ئوغۇتلاش: مۇۋاپىق مىقداردا تېز ئۇنۈملۈك بىرىكمە ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا ياكى ئوزۇقلۇق تەركىبى تولۇق بولغان يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈگەندە، مايسىنىڭ ساغلام ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، دورا زىيىنىغا بولغان قارشىلىق كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

5. ئۇنۇمىنى ئاستىلاتقۇچى دورىلارنى پۈركۈش: %0.5 لىك ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك سۈيى مىسلىق ئېرىتمىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان دورا زىيىنىنى يېنىكلىتىدۇ. %0.2 لىك سوپۇن پاراشوكى ئېرىتمىسى ئورگانىك فوسفورلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زىيىنىنى ئاستىلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. (03)

ئېلىشتا دېقانچىلىق تەدبىرلىرى بىلەن خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ـ يو ـ قىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش لازىم.

1. كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىش: بۇنىڭدا ئاساسلىق كۆچەت يۆتكەش جەريانىدىكى كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. شۇنداقلا يۇقۇم رايونىدىن كىرگەن مېۋە مەھسۇلاتىنى چوقۇم قاتتىق تەكشۈرۈش لازىم. كارانتىن لاياقەتنامىسى بولمىسا ھەرگىز كىرگۈزمەسلىك كېرەك.

2. دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى: ئالما تىۋىتلىق كۆك پىتى ئاساسەن باش ـ قۇرۇش ياخشى بولمىغان باغلاردا پەيدا بولىدۇ، شۇڭا باغ باشقۇرۇشنى كۈ ـ چەيتىش، مۇۋاپىق چاتاش ۋە سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، كۈزدە يەرنى چوڭ ـ قۇر ئاغدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دەرەخ ھالىتىنى كۈچلەندۈ ـ رۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالما يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن ۋە بىخلىنىشتىن بۇرۇن، تۈپلىگەن يىلتىزلارنى چىقىرىۋېتىش، كې ـ سىلگەندىن كېيىنكى زەخمە ئورۇنلاردىكى ۋە قېرى قوۋزاقلاردىكى ھا ـ شارات مەنبەسىنى پاكىز قىرىپ يوقىتىشنى شۇنداقلا قۇرۇغان شاخ، يوپۇرماقلارنى پاكىز تازىلاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قىشتىن ئۆتىدىغان ھاشارات مەنبەسىنى تۈگىتىش لازىم.

3. خىمىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) دە ـ رەخ تۈۋىگە دورا قويۇش ئارقىلىق يوقىتىش: ئالما دەرىخى بىخ چىقارغاندىن كېيىن دىيامېتىرى 50 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 10 سانتىمېتىر ئورەك كولاپ، 48% لىك لورسبان (乐斯本) نى 300 ـ 500 ھەسسە ياكى 40% لىك سۇپىراتسىد (速扑杀) نى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور (氧化乐果) نى 300 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) نى 300 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ قويۇپ، توپا بىلەن

كۆمۈلىدۇ، بۇ ئارقىلىق تۇپراق ئۈستۈنكى قاتلىمى ۋە دەرەخ ئەتراپىدىكى تۆۋتىلىق كۆك پىتىنى يوقاتقىلى بولىدۇ؛ (2) ئالما بىخلىنىشتىن بۇرۇن بائومى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى پۈركۈلىدۇ. كەڭ كۆلەمدە پەيدا بولغان باغلاردا ئاساسىي غولغا 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور 100 ھەسسە ياكى 50% لىك فوكسىم سۇيۇقلاندۇرۇپ پۈركۈلىدۇ؛ (3) ئالما تۆۋتىلىق كۆك پىتىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن: بىرىنچى، ئالما يوپۇرمىقى كېرىلگەندىن تاكى چېچەكلىگىچە ئالما تۆۋتىلىق كۆك پىتىنىڭ ھەرىكىتى تازا كۈچەيگەن ۋاقىت. ئىككىنچى، 5 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرلىرى ئىككىنچى قېتىملىق تارقالغان ۋاقىت بولۇپ، مۇشۇ ئىككى مەزگىلدە نۇقتىلىق دورا چېچىلىدۇ، چېچىلىدىغان دورىلار: 48% لىك لورسبانىنى 1000 ـ 1500 ھەسسە ياكى 48% لىك لورسبانىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىغا 2.5% لىك دىساس（敌杀死）نىڭ 2000 ـ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قوشۇپ پۈركۈلىدۇ ياكى 2.5% لىك كارات（功夫）ياكى 20% لىك كاڭفۇدو（康福多）ياكى 70% لىك ئەيمېيلي（艾美乐）ياكى 10% لىك بىچۇڭلىن（吡虫啉）ياكى 3% لىك موبىلاڭ（莫比郎）ياكى 3% لىك دىڭچوڭمى（啶虫米）ياكى 8% لىك ئاۋېيجۇنسۇ（阿维菌素）قاتارلىق دورىلارنى سۇيۇلدۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا دەرەخ شېخى، كېسىك ئېغىزلىرى ۋە غولنىڭ يوچۇق يەرلىرىگە پۈركۈش كېرەك.

4. بىيولوگىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش: ئالما تۆۋتىلىق كۆك پىتىنىڭ تەبىئىي كۈشەندىسى بولغان كۆك پىت كىچىك ھەرىسى، يەتتە چېكىتلىك خانقىز، ئالتۇنكۆز ۋە كۆك پىت يەيدىغان كۆكۆيۈن قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ يوقىتىلىدۇ. دورا چاچقاندا بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا دورا چېچىش سانىنى ئازايتىش لازىم. (03)

# يازنىڭ شوخلىنىڭ كىندىك چىرىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

گۈلقىز ئابدۇۋايىت
(يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

شوخلىنىڭ كىندىك چىرىش كېسەللىكى ئادەتتە پەمىدۇرنىڭ ساپاق چىرىش كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىقى شوخلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا سۇسىزلىنىش، مېۋىگە سۇ يېتىشمەسلىك، تۇپراقنىڭ يېپىشقاقلىقى ۋە ئىشقارلىقى ئېشىپ كېتىش، خىمىيەلىك ئوغۇت نورمال ئىشلىتىلمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، مۇھىمى تۇپراق تەركىبىدە كالتسىي كەمچىل بولۇش ياكى ئەسلىدىنلا كالتسىي ماددىسى بولماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. يەنە تۇپراقتا ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىپ، ئۆسۈملۈكنىڭ كالتسىيغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېۋىنىڭ كالتسىيغا بولغان ئېھتىياجى قانماي، مېۋىسى چىرىپ، بۇ خىل كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولغاندا شوخلىنىڭ كىندىك قىسمىدا ئاچ سېرىق رەڭلىك سۇلۇق داغلار پەيدا بولۇپ، بۇ داغلار تەدرىجىي كېڭىيىپ كۈل رەڭگە ياكى قارامتۇل كۈل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كېسەللىك داغلىرى ئىچىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. نەملىك يۇقىرى ئەھۋال ئاستىدا كېسەللىك داغلىرىنىڭ يۈزىدە قارا ياكى ئاچ قىزىل رەڭلىك پاختىلاشقان ماددىلار پەيدا بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى:** (1) كېسەلگە چىداملىق، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تېرىش لازىم؛ (2) ئېتىز - ئېرىق تازىلىقىنى ياخشى قىلىپ، مەھسۇلاتنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئېتىزنى پاكىز تازىلاپ، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىش لازىم. مۇۋاپىق زىچلىقتا تېرىپ، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ (3) تۇپراق ۋە ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ساغلام مايسا يېتىشتۈرۈش لازىم؛ (4) ئازوتلۇق ئوغۇتنى ۋە چىرىمىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. 1% لىك كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙)، 0.1% لىك كالتسىي خىلورىد (氯化钙) ياكى 0.1% لىك كالتسىي نىترات (硝酸钙) سۈيۈقلۇقىنى ھەر 10 - 15 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 - 3 قېتىم چېچىش لازىم. (03)

# باھار ماڭدامچى قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇلى

ھۆرنىسا ئەمەت
(ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازارلىق يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتىدىن)

باھار ماڭدامچى قۇرتى يەنە گەزلىمە قۇرت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ھاشارات رايونىمىزدا باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك ۋە ئىئاتە ئورمانلارغا ئاساسلىق زىيان سالىدىغان ھاشارەتتۇر. شۇنداقلا باش ئەتىيازدا ھەممىدىن بۇرۇن پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن باھار ماڭدامچى قۇرتى دەپ ئاتالغان.

**1. تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىشى:** مەزكۇر ھاشارات رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىق جىگدە، ئۈژمە، قارا ياغاچ، ئاق تېرەك، ياڭاق، ئالما، نەشپۈت، توغراق قاتارلىق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرگە ئېغىر زىيان سالىدۇ. مەزكۇر ھاشاراتنىڭ لىچىنكىسى يوپۇرماقتا ئېغىر زىيان سالغاندا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىپ، يوپۇرماق تومۇرلىرىلا قالىدۇ، ئاندىن يىپ قۇسۇپ يەرگە ساڭگىلاپ، شامال ئارقىلىق ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە كۆچۈپ داۋاملىق زىيان سالىدۇ.

بۇ ھاشارات يىلدا بىر ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، قورچاق ھالەتتە قىش ۋە يازنى ئۆتكۈزىدۇ، باش ئەتىيازدا يەنە 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى يەرنىڭ توڭى ئېرىش بىلەنلا قورچاقتىن يېتىلگەن ھاشارات چىقىپ، ئۆزئارا چېتىشىپ تۇخۇم سالىدۇ. بۇ دەل ئاق تېرەك پوتلا چىقارغان مەزگىل بولۇپ، يېتىلگەن ھاشارات كەچ كىرگەندىن باشلاپ ھەرىكەتلىنىپ ئۆزئارا چېتىشىپ تۇخۇم سالىدۇ. تۇخۇمنى ئاساسەن دەرەخ غولىنىڭ يېرىقچىلىرىغا، قوۋزاق ئاستىغا تۇغىدۇ. ئادەتتە بىر چىشى ھاشارات ئۆمرىدە 300 ـ 600 دانىگىچە تۇخۇم تۇغىدۇ، لىچىنكىلىرى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ دەل

ئۆرۈك چېچەكلەشكە باشلىغان، نەشپۈتنىڭ چېچەك بىخ ئېغىزى يېرىلغان، سۆگەت چېچەكلىگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى لىچىنكىلارنىڭ تازا ئېغىر زىيان سالىدىغان مەزگىلىدۇر. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قېرى لىچىنكىلار دەرەخ غولى ئەتراپىغا توپلىشىپ، تۇپراق قاتلىمىغا كىرىپ قىش ۋە يازنى ئۆتكۈزىدۇ. تۇپراق قاتلىمى ئادەتتە 10 ـ 60 سانتىمېتىرغىچە ئارىلىقتا بولىدۇ. بولۇپمۇ 15 ـ 30 سانتىمېتىرغىچە بولغان تۇپراق قاتلىمىدا قىشتىن ئۆتىدىغان قېرى لىچىنكىلار ئەڭ كۆپ بولىدۇ. شۇنداقلا دەرەخ غولىنىڭ ئايلانمىسىنىڭ 1 ـ 1.5 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. لىچىنكىلارنىڭ زىيان سېلىش ۋاقتى ئادەتتە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. چىشى ھاشاراتنىڭ ئۆمرى ئادەتتە بىر ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەركەك ھاشاراتنىڭ ئۆمرى ئەڭ قىسقا بولۇپ، چىتىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلىدۇ. تۇخۇم مەزگىلى 13 ـ 30 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، زىيان سېلىش ۋاقتى ئادەتتە بىر ئاي ئەتراپىدا بولۇپ، قورچاق ۋاقتى توققۇز ئاي بولىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) مېۋىلىك باغلارنى كۈز ۋە ئەتىيازدا چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، يەر ئاستىدا قىشلايدىغان قورچاقلارنى يوقىتىش كېرەك. (2) مېۋىلىك دەرەخ غولىغا قۇم دۆۋىلەش ئارقىلىق، چىشى ھاشاراتنىڭ دەرەخ غولىغا يامىشىپ چىقىپ تۇخۇم سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق دەرەخ تۈۋىگە توپلاشقان چىشى ھاشاراتلارنى تۇتۇپ ياكى دورا چېچىپ يوقاتقىلى بولىدۇ. (3) باش ئەتىيازدا قورچاقتىن ھاشارات چىقىشتىن بۇرۇن، دەرەخ غولىنىڭ يەر يۈزىدىن 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى قىسمىنى 8 ـ 10 سانتىمېتىر كەڭلىكتە پاكىز قىرىپ، مۇشۇ ئورۇنغا سۇلياۋ يالتىراقنى تىكلاتۇرما ئارقىلىق مىخلاپ

مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ بىلەن چىشى ھاشارات دەرەخ ئۈستىگە ئۆ-مىلەپ چىقالماي، تۇخۇمىنى دەرەخ تۈۋى ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەر ئارى-سىغا تۇغىدۇ. لېكىن تۇخۇمدىن چىققان ياش لىچىنكىلار سۇلياۋ يالتىراق-تىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا تۇخۇمدىن چىقىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن يەنى ئۆرۈك چېچەكلىگەن ۋاقىتتا بەش ئۇلۇش دېۋىرقاي، 10 ئۇلۇش ئابدىمىلىك مېيى، بىر ئۇلۇش سالىياركا ياكى ئاپتول، بىر ئۇلۇش ئاق مومنى ئارىلاشتۇرۇپ، قازاندا قاينىتىپ يېلىم تەييارلاپ، تەييارلانغان يې-لىمنى چوتكا بىلەن سۇلياۋ يالتىراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەڭلىكى بەش سان-تىمېتىر، ئىككى مىللىمېتىر قېلىنلىقتا سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەرەخ ئۈستىگە چىقماقچى بولغان لىچىنكىلار ئۇدۇللۇق كېلىپ يېلىمغا چاپلىشىپ ئۆلىدۇ؛ (4) باھار ماڭدامچى قۇرتنىڭ لىچىنكىلىرى بىرەر نەرسىدىن چۆ-چۈپ كەتسە يىپ چىقىرىپ ياكى تور قۇسۇپ تۆۋەنگە ساڭگىلايدىغان ئادى-تىدىن پايدىلىنىپ، ياغاچ ياكى سۈپۈرگە بىلەن يەرگە چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ يوقاتسىمۇ بولىدۇ؛ (5) كۈزدە يەرنى ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش ئارقىلىق، قىشلىغان قورچاقلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش لازىم، ئەتىيازدا يەرنىڭ توڭى ئېرىشتىن بۇرۇن دەرەخ تۈۋىگە زەھەرلىك دورىلارنى چېچىپ، يېتىلگەن ھاشارات چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (6) خىرە نۇرلۇق چىراق، شېكەر، ئاچچىقسۇ قىيامى ئارقىلىق ئەركەك ھاشاراتنى جەلىپ قىلىپ يو-قىتىشقىمۇ بولىدۇ؛ (7) خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش: مەزكۇر ھا-شارات كەڭ كۆلەمدە كۆپىيىپ زىيىنى ئېغىر بولۇش ئېھتىمالى بولغاندا، يەنى ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ چېچىكى تۆكۈلۈش بىلەن لىچىنكىلار ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا 50% لىك سامىيسۇنىڭ سۇتسىمان مېيىنى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا بولىدۇ. دورا چېچىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى 4 - ئاي-نىڭ 20 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. (05)

# ئۆستەڭلەردە سۇ سىڭىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

سەنەۋەر ئىنام
(تېكەس ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىن)

ئېرىق ـ ئۆستەڭ توپىسىنىڭ سۇ ئۆتۈشچانلىقى كۈچلۈك، ئىشلىنىشتە ھۆلى ئۇبدان چىڭدالمىغانلىقى ياكى چۆمۈلىلەر، ھايۋاناتلارنىڭ ئۇۋىسى بولغانلىقى ۋە ياكى دەز ـ كاۋاكلار بولغانلىقى سەۋەبىدىن بەلگىلىك سىڭىش بېسىمىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇ سىڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئېغىر ھالدا سۇ سىڭىدىغان بولۇپ قالسا، سۇ زايا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۇغىرىش رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ گورزېنتىنى ئۆرلىتىپ، ھەتتا ئۆستەڭنىڭ يانلىرىدىكى پەس يەرلەرنى سازلىققا ئايلاندۇرۇپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. زەيكەش چېپىش ئىشىنى ئاۋۇتىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئۆستەڭنىڭ قاشلىرىنى بۇزۇپ يار كەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن نورمال پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

1. **ئۆستەڭ يۈزىنى خاڭداش:** بۇ ئۇسۇل يېپىشقاق توپىلار (ئەت توپا، سېغىز توپا، سېرىق توپا ۋە قارا توپا) دىن بولغان ئۆستەڭلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئۆستەڭلەرگە نىسبەتەن چىڭدىلىش قېلىنلىقى ئىسسىق رايونلاردا 0.3 ـ 0.5 مېتىر، توڭ تۇتىدىغان رايونلاردا 0.5 مېتىردىن يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە توڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ مۇھاپىزەت قەۋىتى قوشۇلىدۇ. قەۋەتلەپ تىندۇرۇلغان توپىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن جىپسىلىشىشىگە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، يۈزلۈكى قوتۇرلىتىلىدۇ.

2. **توپىدا يۈزلەش:** ئادەتتە بۇ ئۇسۇل سۇ سىڭىشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدىغان ئۆستەڭلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سېغىز توپىدا يۈزلەش، يېپىشقاق توپىدا شىنا ئېتىپ قويۇش ۋە كاكۇلدا سىڭدۈرمەس قەۋەت ئىشلەشتىن ئىبارەت. ئىشلەشتىن ئاۋۋال ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى پاكىز تا-

زىلاپ، ئۆستەڭ تېگى ۋە ئاتكوستىكى توپا قاتلىمىنى بىر قەۋەت قىرىۋې-تىپ، ئاندىن تەييارلانغان ئارىلاشما توپىنى يېيىتىش كېرەك.

**3. تاش تىزىپ يۇزلەش:** بۇ خىلدىكى ئۆستەڭلەر يالىنىشقا چىداملىق بولۇپ، سۇنىڭ ئويۇپ كېتىشىگە قارشىلىق كۈچى يۇقىرى بولىدۇ. تىزىش ئۇسۇلى مۇنداق: تاشنى قۇرۇق تىزىش، تاشنى قۇرۇق تىزىپ ئاراشلىرىغا سۇۋاق بېرىش ۋە تاشنى دوغاپلاپ تىزىشتىن ئىبارەت. بۇنى ئىشلەشتىن ئاۋۋال ئۆستەڭنىڭ تېگىنى پاكىز تازىلاپ نەمدىگەندىن كېيىن، سېمونت لاي يېيىتىپ، چوڭ تاشلارنى تىزىپ، ئاندىن چوڭ تاشلار ئارىسىغا ئۇششاق تاشلارنى تىزىپ، ئىمكان قەدەر تەكشى قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**4. بېتونلاپ يۇزلەش:** بېتونلاپ يۇزلەنگەن ئۆستەڭلەرنىڭ سىڭدۈر-مەس ئۈنۈمى ياخشى، چىداملىق، قوتۇرلىغى تۆۋەن بولۇشتەك ئارتۇقچى-لىقلارغا ئىگە. ئادەتتە ئۆستەڭلەرنى بېتونلاپ يۇزلىگەندە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكىلى ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بېتون قويۇشتا ئەستايىدىل چوخچىلاپ چىڭداپ چىقىش ھەمدە چىڭداشتا ئىمكان قەدەر چوخچا ۋاھبىرتور ئىشلىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئىشلىنىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**5. پىلاستىك پەردە بىلەن سىڭمەسلەشتۈرۈش:** ئادەتتە بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىنىشى ياخشى ۋە توڭلاش-قا چىداملىق بولىدۇ. پىلاستىك پەردىنى ياتقۇزۇشتىن ئاۋۋال ئۆستەڭنىڭ يۇز قەۋىتىنىڭ توپىسىنى 35 ـ 40 سانتىمېتىر ئېلىپ، ۋاقتىنچە ئۆس-تەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشلاپ قويۇلىدۇ، پەردىنى تېشىۋېتىشتىن ساق-لىنىش ئۈچۈن ئۆستەڭنىڭ ئاستىدىكى ئوت ـ چۆپ، دەرەخ يىلتىزى، تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى پاكىز تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ، بوش يەرلەرنى چىڭداپ، تەكشىلەپ، ئۆستەڭ تېگىگە 0.15 ـ 0.25 مېتىر ئەتراپىدا نەم توپا تىندۇ-رۇش كېرەك. (05)

# ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراپ ئىشلىتىشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەر

سەمەت ئابدۇكېرىم

(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر دەرىجىلىك سۇ يەتكۈزۈش ئۆستەڭلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. ئۆستەڭلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، سۇغىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاسراپ ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

1. ئۆستەڭ ئىچىگە لاتقا تىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆستەڭ ئىچىگە ئۈنۈپ چىققان ئوت - چۆپلەرنى ۋە تىنىپ قالغان لاي - لاتقىلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ، سۇ ئېقىمىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆستەڭ ئىچىگە تاختاي، شاخ - شۇمبا قويۇپ، سۇ يۈزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

2. ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ يەرگە سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ يەرگە سىڭىپ كېتىشىنى ئازلاتقاندا، سۇغىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ يۈزى ئۆرلەپ، ئېتىزنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالدى بىلەن ئۆستەڭ سىستېمىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىدا مۇۋاپىق بولمىغان ئورۇنلارنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان سىڭمەسلەشتۈرۈش تەدبىرىنى ۋە سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، سۇغىرىش رايونى ئىچىدىكى قۇرۇلمىلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

3. ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ يۈزىنى ئېقىتىپ يالاپ بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سۇ يالاپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ئورۇنلارغا تاش ياتقۇزۇپ، قوزۇق قېقىپ، شاخ - شۇمبا ياتقۇزۇپ

سۈنىڭ يالاپ كېتىشىنى ئاجىزلىتىپ، ئۆستەڭ قىشىنىڭ ئۆز ھالىتىنى ساقلاش لازىم. ئەگەر سۇ يالاپ كېتىش ئارىلىقى ئۇزۇن بولسا، ئۆستەڭ ئۇكىلۇننىنى ئۆزگەرتىپ، سۇ كۈچىنى ئاجىزلىتىش كۆلچىكى ياساش لازىم.

4. ئۆستەڭ قىشىنى مۇستەھكەملەش لازىم. ئۆستەڭلەردە دائىم سۇ ئېقىش جەريانىدا، ئۆستەڭ قىشى ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىش، يار ئېلىپ كېتىش، سۇ يالاپ ئاققۇزۇپ كېتىش، يېرىلىپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆز ۋاقتىدا توپا تولدۇرۇپ مۇستەھكەملەپ، نورمالنى خىزمەتكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۆستەڭ قىشىدا چاك كەتكەن ئەھۋال بولسا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ: (1) چاك كەتكەن ئارىلىقنى كەڭلىكى بىر مېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى چاكتىن تۆۋەن 0.5 مېتىر تۆۋەنلىتىپ، چاك بويلاپ ئۇزۇن ئوقۇر قېزىپ، قايتىدىن توپا سېلىپ، قاتلامۇ ـ قاتلام چىڭداپ چىڭداش لازىم؛ (2) چاك كەتكەن ئارىلىقنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن قېزىپ ئوقۇر قىلغاندىن كېيىن، ئەت توپا ۋە سېرىق توپا بىلەن سۇيۇق لاي ياساپ، تىندۇرۇپ چىڭداپ، لاي قاتقاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم.

5. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىشى ئۇستىگە دەرەخ تىكىش كېرەك. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىشىغا دەرەخ تىككەندە، قاشنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتقىلى ھەم ئورمان ئەھيا قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغىلى بولىدۇ. دەرەخ تىككەندە تىندۇرما ئۆستەڭ بولسا، دەرەخنى قاشنىڭ كەينى تېگىگە تىكىش لازىم. قېزىلما ئۆستەڭ بولسا، ئۆستەڭ سۇ يۈزىدىن 0.4 مېتىر ئۇزۇنغىچە تىكىش لازىم. (05)

# تېمىتىپ سۇغىرىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئابدۇغېنى سەيدۇللا
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

تېمىتىپ سۇغىرىشنىڭ سۇ تېجەش، ئوغۇت تېجەش، ئەمگەك كۈچىنى تېجەش، زىرائەتلەرنىڭ سۇغىرىلىشى تەكشى بولۇش، مەھسۇلات ئاشۇرۇش قاتارلىق روللىرى بار. كۆلىمى چوڭ، سۇ كەمچىل بولغان جايلاردا قوللانسا، زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ.

1. باش تۇگۇن قىسمىنى باشقۇرۇش: ① سۇ پومپىسىنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراشتا، ئۇنىڭ مەشغۇلات ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئېلېكتىر موتورىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ۋە تۇرۇبا ئىچىگە سوقما ھاسىل بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ ② ھەر قېتىم خىزمەت ئالدىدا ياكى خىزمەت ئاياغلاشقاندا سۈزگۈچنى بىر قېتىم تازىلاش، تازىلاش، يۆتكەش، ساقلاش قاتارلىقلاردا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. رىشاتكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇھاپىزەت چەمبىرىكىنى سۇ بىلەن چايقاش ياكى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈش، مەركەزدىن قاچما شەكىللىك سۈزگۈچنىڭ قۇم يىغىش كومزىكىدە كۆپ مىقداردا قۇم يىغىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، مەشغۇلات جەريانىدا سۈزگۈچنىڭ كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزىدىكى بېسىم پەرقى نورمالنى بېسىم پەرقىدىن 25% ـ 30% ئېشىپ كەتسە سۈزگۈچنى قايتا تازىلاش كېرەك؛ ③ تېمىتىش ئارقىلىق ئوغۇت ماڭدۇرغاندا، خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئالدى بىلەن سۇدا ئېرىتىپ، ئاندىن تۇرۇبا ئىچىگە ماڭدۇرۇش كېرەك، ئوغۇت ياكى دورا ماڭدۇرۇشتا ھەر قېتىم تېمىتىش ۋاقتىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى بولغاندا ئاندىن ماڭدۇرۇش، تېمىتىش ۋاقتى يېرىم سائەت قالغاندا، ئوغۇت ياكى دورا ماڭدۇرۇشنى توختىتىش، ھەر قېتىم ئوغۇت ماڭدۇرۇش ئاياغلاشقاندا سۈزگۈچنى سۇ بىلەن چايقاش، ھەر قېتىم مەشغۇلات ئاياغلاشقاندا سۇ كىرىش ۋە چىقىش تاقاقلىرىنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك؛ ④ قىش پەسلى كېلىشتىن بۇرۇن بارلىق تاقاقلارنى ئېچىپ، سۇ پومپىسى ۋە ئوغۇت ماڭدۇرۇش كوم-

ـنىڭكى ئىچىدىكى سۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇسكۇنىلەرنىڭ قىشتا توڭلاپ يېرىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2. تورلاشقان تۇرۇبا سىستېمىسىنى باشقۇرۇش: ① تورلاشقان تۇرۇبىلارنى بىرىنچى قېتىم ئىشلەتكەندە غول تۇرۇبا ۋە تارماق تۇرۇبىلارنى بىر قېتىم سۇ بىلەن چايقاپ يۇيۇش كېرەك. سۇغىرىش لايىھەسىگە ئاساسەن غول تۇرۇبا ۋە تارماق تۇرۇبىلارنى نۆۋەتلىشىپ ئېچىپ سۇ ماڭدۇرۇش كېرەك؛ ② سۇ پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كىرىش ئېغىزىدىكى بېسىمنى لايىھە بېسىمىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، باش قىسمىدىكى تاقاقنىڭ بېسىمىنى لايىھە بېسىمىغا يەتكۈزۈش كېرەك؛ ③ ئەگەر مەشغۇلات جەريانىدا كىچىك تۇرۇبىلارنىڭ بىرەرسىدە سۇ قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، شۇنىڭ يېنىدىكى تاقاقنى ئېچىپ ئاندىن بۇزۇلغان ئورۇننى ئوڭشاش، تارماق تۇرۇبىدا سۇ قېچىش ئەھۋالى بولسا كونترول تاقاقنى ئېتىپ ئوڭشاش لازىم؛ ④ سۇغىرىشتا نۆۋەتلەشتۈرۈپ سۇغىرىش، يەنى ھەممە تاقاقلارنى بىراقلا ئېچىپ تاشلىماسلىق، تاقاق كۆپ ئېچىلسا سۇ پومپىسىنىڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى كۆپ بولۇپ، سۇنى ئېگىزگە چىقىرىش كۈچى ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يىراق ئورۇنلارغا سۇ يەتكۈزۈش قىيىن بولۇپ، قۇرغاقچىلىق كېلىپ چىقىدۇ؛ ⑤ بۇ تۆت سىستېما بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتا، بېسىم ئۆلچەش سائىتىنىڭ سانىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، لايىھە بېسىمىغا ماسلاشتۇرۇپ، بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ⑥ سىستېما بويىچە مەشغۇلات قىلغاندا ئالدى بىلەن سىناق قىلىش، تاقاقنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن بېسىمنى تەڭشەپ، ھەرقايسى تارماق تۇرۇبىلارنىڭ بېسىمىنى تۇراقلاندۇرۇش، ئۇششاق تۇرۇبىلاردا بېسىم 0.4 ~ 0.8 كىلوگىرام دائىرىدە بولۇش كېرەك؛ ⑦ بەلگىلىك ۋاقىتتا تۇرۇبىلارنىڭ مەشغۇلات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، سۇ قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلسە ۋاقتىدا رېمونت قىلىش، سۇغىرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىغىشقا تېگىشلىك بولغان تۇرۇبا، ئۇسكۇنە قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئامبارغا كىرگۈزۈپ ساقلاپ، كېلەر يىلى ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش كېرەك. (05)

# «ئوروق گۆش جەۋھىرى» نىڭ زىيىنى توغرىسىدا

مەخپۇزە ئابدۇكېرىم

(غۇلجا شەھەرلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، گۆش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجمۇ ئېشىپ بارماقتا. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر مايسىز، قارا گۆش يېيىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن قوي گۆشىگە قارىغاندا كالا گۆشىگە بولغان ئېھتىياج كۈندىن ـ كۈنگە زورايماقتا. مانا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم باقمىچىلار «ئوروق گۆش جەۋھىرى» نى يەم ـ خەشەككە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، خەلقنىڭ سالا ـ مەتلىكىگە زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈپ، هاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئاددىي چۈشەنچىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سەمىگە سېلىش ئار ـ قىلىق هەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۇندقتا «ئوروق گۆش جەۋھىرى» دېگەن نىمە؟

ئوروق گۆش جەۋھىرى يەنسۇەن كېلۇنتېلو (盐酸克伦特罗) دەپمۇ ئا ـ تىلىدۇ. ئۇ ئاق رەڭلىك ياكى ئاق رەڭگە مايىل پاراشوكسىمان ماددا بولۇپ، سېسىق پۇرىمايدۇ، تەمسىز بولىدۇ. كالا، قوي يېگەندىن كېيىن، مېتابو ـ لىزم جەريانىدا ئاقسىلنىڭ بىرىكىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماي قاتلىمى ـ نىڭ پارچىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئوروق گۆش نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ. خى ـ مىيەلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، 172℃ تا ئاندىن پارچىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرىنى يوقىتىش قىيىن.

تەركىبىدە «ئوروق گۆش جەۋھىرى» بولغان گۆش مەھسۇلاتلىرى سالا ـ مەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ، دۆلىتىمىزدە بۇ خىل خۇرۇچنى ئىشلىتىش ئاللىقاچان چەكلەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ «مالدوختۇرلۇق دورىلىرىنى باشقۇ ـ رۇش نىزامى» نىڭ 62 ـ ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ، چەكلەنگەن خىمىيەلىك دورا ۋە يەم ـ خەشەك خۇرۇچلىرىنى چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشىكىگە قوشۇپ چارۋا باققان شەخس ياكى ئورۇنلارغا 10 ـ 50 مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قو ـ

يىلىدۇ،دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا بۇ نىزامنىڭ 52 ـ ماددىسىدا يەنە: «ئۇ ـ رۇق گۆش جەۋھىرى» تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىشلەپچىقارغان شە ـ خىس ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى توختىتىلىدۇ، شۇنداقلا قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات، خام ماتېرىيال، قوشۇمچە ماتېرىيال، ئوراپ قاچىلاش ماتېرىياللىرى ۋە قانۇنسىز ئېرىشكەن پايدىسى قاتارلىقلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان مەھ ـ سۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2 ـ 5 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىلىدۇ، ئەگەر قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتىنى باھالاپ بېكىتىش مۇمكىن بولمىسا 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا دۆ ـ لىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 225 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئىجازەتنامىسى، مەھسۇلات تەستىق نومۇرى ئالماي تۇرۇپ «ئورۇق گۆش جەۋھىرى» قاتارلىق يەم ـ خەشەك ۋە ھايۋا ـ ناتلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدىغان دورا ما ـ تېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلارنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە مەسئۇلىيىتى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

«ئورۇق گۆش جەۋھىرى» بىلەن بېقىلغان ھايۋاناتلارنىڭ جىگەر، تال، ئۆپكە، بۆرەك قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرىدا «قارا گۆش جەۋھىرى» نىڭ قال ـ دۇق مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە تەركىبىدە «ئورۇق گۆش جەۋ ـ ھىرى» قالدۇقى بولغان گۆشنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن 15 ـ 20 مىنۇت ئىچىدە باش قېيىش، يۈزى قىزىرىپ كېتىش، يۈرەك سوقۇشى تېز ـ لىشىش، كۆكرەك سىقىلىش، جىددىيلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلى ـ دۇ. ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلسە دەرھال مۇناسىۋەتلىك داۋالاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ داۋالىنىش كېرەك. (02)

# يېڭى تۇغقان چارۋىلارنى ئېلىپ ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

مۇھەممەتىرېھىم ئابلىمىت

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتىنىڭ پېنسيونېرى)

چىشى مال تۇغقاندىن كېيىن تۇغۇش جەريانىدا سەرپ قىلغان ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، تۇغقاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلگۈچە ھەزىم قىلىش قابىلىيىتى ناچارلايدۇ. شۇڭا، تۇغۇتتىن كېيىنلا يەم ـ خەشەك مىقدارىنى بىردىنلا ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، يېڭى تۇغقان ئانا ماللارنىڭ سالامەتلىكى، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن تەخمىنەن 7 ـ 10 كۈن كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ۋە ئوڭاي ھەزىم بولىدىغان يەم ـ خەشەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق، بېرىلىدىغان ئوزۇق مىقدارىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئوزۇقلۇق ئېغىر كېلىپ ياكى زەھەرلىنىپ قورسقى ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش ياكى تېزىكى قېتىۋېلىش، يىلىنى چىڭقىلىش، ئىششىش قاتارلىق بىنورمال ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ھەتتا تۇغۇتتىن كېيىنكى پالەچلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇغۇتتىن كېيىن ئانا مالنىڭ سالامەتلىكى، ئىشتىھاسى، ھەزىم قىلىش قابىلىيىتى ۋە سۈت بېرىش ئىقتىدارى، تۆلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يەم بېرىش مىقدارىنى بەلگىلەش كېرەك. ئانا مال تۇغقاندىن كېيىن، دەسلەپكى 4 ـ 5 كۈندە سەۋزە، چامغۇرلارنى ئۇششاق توغراپ، بۇغداي كېپىكى بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئازراق تۇز قوشۇپ بېرىش ھەمدە پاكىزە، ئۇششاق توغرالغان بىدىنى باشقا ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاز ـ ئازدىن كۈنىگە 4 ـ 5 قېتىم بېرىش، ھەددىدىن ئارتۇق تويغۇزۇۋەتمەسلىك كېرەك. كۈنىگە 3 ـ 4 قېتىم پاكىزە ئىلمان سۇ بىلەن سۇغىرىش لازىم. ئەگەر ھەزىم قىلالماسلىق، قورسقى كۆپۈش،

كۆشەش ئاجىزلاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، دەرھال 300 ـ 400 مىللىلىتىر ئاچچىقسۇغا 300 ـ 400 مىللىلىتىر زىغىر مېيىنى قوشۇپ ئىچكۈزسە بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋالى ئېغىر بولسا مالدوختۇرلىرىغا كۆرسىتىپ، ۋاقتىدا داۋالىتىش كېرەك. ئەمما،شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، چىشى مالنىڭ يېشى، سېمىزلىك ئەھۋالى، سۈت بېرىش مىقدارى بىردەك بولمايدۇ، شۇڭا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تۇغۇتتىن بۇرۇن ئانچە سېمىز بولمىغان، ئىشتىھاسى ۋە ھەزىم قىلىشى ياخشى بولغان چىشى مالنىڭ ئوزۇقىنى بەك ئازايتىۋەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەكسىچە، تۇغۇتتىن بۇرۇن ناھايىتى سېمىز، يىلىنى بالدۇر چوڭايغان ۋە ئىشتىھاسى ئانچە ياخشى بولمىغان چىشى مالنىڭ يېمىنى مۇۋاپىق ئازايتىش كېرەك. بالىياتقۇنىڭ قىسقىرىشى نورمال بولمىغان ۋە تۇغۇتتىن كېيىن پالەچلىنىش خەۋپى كۆرۈلگەن ماللارنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش لازىم. ئەڭ ياخشىسى تۇغۇتتىن كېيىن دەسلەپكى ئىككى كۈندە ئىنەككە 1 ـ 2 كىلوگىرام كېپەكنى ھەلەپ قىلىپ بېرىپ، ئاندىن باشقا ئوزۇقلارنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ بەرسە، 10 كۈندىن كېيىن ئۆزگەرتىشكە قاراپ بۇرۇنقى نورمىسىغا يەتكۈزسە بولىدۇ. يەم ـ خەشەك بەرگەندە، سۈپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، كۆكىرىپ قالغان يەم ـ خەشەكنى قەتئىي بەرمەسلىك كېرەك. يەم ـ خەشەكنىڭ يېڭى، پاكىزە، ۋاقتىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئوقۇرنى، قوتاننى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا پاكىزە تازىلاپ تۇرۇش، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، قوتاننىڭ ئىسسىق بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، قوتاننى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم 15% لىك ھاك سۈيى، 5% ـ 10% لىك لىزول ئېرىتمىسى، كىرالىن ئېرىتمىسى قاتارلىقلار بىلەن دېزىنفېكسىيەلەپ تۇرۇش لازىم. (02)

# قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ باقماسلىق كېرەك

گۈلمىرە مەمەت
(باي ناھىيە ياقىرىق بازارلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

1. قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ باقاندا مۇۋاپىق ئۇرۇقلاندۇرۇش ئوبيېكتىنى تاللىغىلى بولمايدۇ. قوزا ئادەتتە 7 ـ 8 ئايلىق بولغاندا جىنسىي جەھەتتىن يېتىلىدۇ، ئەمما ئۇرۇقلاندۇرۇشقا بولمايدۇ.قېرى،كېسەل چارۋىلارنى ئۇرۇقلاندۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. 1.5 ـ 7 ياشقىچە بولغان ساغلىقلارنى ئۇرۇقلاندۇرسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ باقاندا ئىختىيارىي چېتىشىپ، قېرى، ئاجىز، كېسەل ساغلىقلار ۋە تۇغۇت يېشىغا يەتمىگەن پاقلانلار بوغاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش قىيىنغا چۈشىدۇ ھەم ئۇلاردىن تۇغۇلغان قوزىلارمۇ ئاجىز، ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستا بولىدۇ.

2. قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ باقاندا نەسىللىك قوچقارلاردىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ. ئىختىيارى چېتىشقاندا قىسىر قېلىش، تەكرار چېتىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.ئىختىيارى چېتىشقاندا بىر تۇياق نەسىللىك قوچقار 15 ـ 20 تۇياق ساغلىقنى ئۇرۇقلاندۇرالايدۇ، مۇنداق بولغاندا ئىسپېرما ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلىق بىلەن قوچقارنى ئايرىپ بېقىش، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشنى يولغا قويۇش، ساغلىقلارنىڭ كۆيتىنى ئېنىقلىغاندا ئادەتتىكى قوچقارنى ئىشلىتىش، ساغلىقلارنىڭ كۆيلىگەنلىكى ئېنىق بولغاندا ئاندىن نەسىللىك قوچقار بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ياكى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش لازىم.

3. قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ باقاندا كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ قانداشلىقى ئېنىق بولماسلىق كېلىپ چىقىدۇ. يەنى قوچقار بىلەن

# ئىنەكلەردىكى جىنسىي غىلاپ ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش

مەمەتنىياز ئاتاۋۇللا
(يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازارلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** ئىنەكلەردىكى جىنسىي غىلاپ ياللۇغى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرغاندا مەشغۇلات قائىدىسى تېخنىكا تەلەپكە لايىق بولماسلىق، كۆيلەشنى تەكشۈرۈش جەريانىدا زىركولانىڭ ياخشى دېزىنفېكسىيە قىلىنماسلىقى ھەم جىنسىي غىلاپ شىللىق پەردىلىرىنى قىسىۋېلىشى ۋە بالىياتقۇ بويىننى زەخىملەندۇرۇشى؛ قىيىن تۇغۇت، بالا تاشلاش، ھەمرىيى چۈشمەسلىك، بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش، تۆرەلمە بالىياتقۇدا ئۆلۈپ قېلىش، قىيىن تۇغۇتقا ياردەم بېرىپ تۇغدۇرۇش جەريانىدا جىنسىي يول زەخىملىنىش ھەم تازىلىق ۋە دېزىنفېكسىيەنىڭ ياخشى ئىشلەنمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بالىياتقۇ ياللۇغى، تۇخۇم توشۇش نەيچىسى

---

ساغلىق ئىختىيارى چېتىشقاندا پاقلانلارنىڭ ئاتىلىق ۋە ئانىلىق ئەجدادىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ، بۇ ساپ قانلىق نەسىل يېتىشتۈرۈشكە پايدىسىز بولۇپ، مېتىس ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ ھەم ئاسانلا ئىرسىيەت كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. قوچقار بىلەن ساغلىقنى ئايرىلاشتۇرۇپ باقىقاندا قوچقار دائىم ساغلىقنى سۈرۈپ، ساغلىقلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا ۋە يېتەرلىك يەم يېيىشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ساغلىقلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ۋە كۆيلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، سەل ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ قوچقارلار بىلەن ساغلىقلارنى ئايرىپ بېقىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. (02)

ياللۇغى، تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقى، قورساق پەردە ياللۇغى ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى ۋە دىياگنوز قويۇش:** بۇ كېسەللىك كۆپىنچە بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى بىلەن ياندىشىپ ھالەتتە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ياللۇغ كۆرۈلگەن ئىنەكلەردە كۆپىنچە پۈتۈن بەدەنلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ، بەزىدە تەن تېمپېراتۇرىسى سەل ئۆرلەيدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، سۈت مەھسۇلاتى تۆۋەنلەيدۇ، كۈيلىسىمۇ تەكرار ئۇرۇقلاندۇرغاندا بوغاز بولمايدۇ، بۇ كېسەللىككە جىنسىي غىلاپتىن تەكشۈرۈش ۋە كلىنىكىلىق ئالامەتكە ئاساسلىنىپ دىياگنوز قويۇشقا بولىدۇ.

جىنسىي غىلاپتىن تەكشۈرگەندە كۆپ ھاللاردا جىنسىي غىلاپقا ۋە بالىياتقۇ بوينىنىڭ جىنسىي غىلاپقا يېقىن قىسمىدىكى شىللىق پەردىلىرىگە قان تولىدۇ ۋە ئىششىيدۇ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا بەزىدە جىنسىي غىلاپتىن سۈس ئاق ياكى قوڭۇر سېرىق شىلىمشىق يىرىڭلىق ئاجراتمىلار ئېقىپ، ئىنەكنىڭ قۇيرۇق تۈۋى ۋە جىنسىي يولى ئېغىزى ئەتراپىغا چاپلىشىپ قالىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئىنەك ياتقاندا ياكى كۈيلىگەندە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

**3. داۋالاش:** (1) ھەر قېتىم داۋالاشتىن بۇرۇن ئىنەكنىڭ ئالدى گەۋدىسىنى پەس، ئارقا گەۋدىسىنى ئېگىز قىلىپ مۇقىم تۇرغۇزۇپ، 38℃ ـ 40℃ لۇق، 0.2% لىك مارگانسۇپ ئېرىتمىسى (高锰酸钾溶液) ياكى 0.5% رىۋانول (利凡诺) ئېرىتمىسى بىلەن جىنسىي غىلاپ ۋە بالىياتقۇ بوينى ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن پاكىز يۇيۇلىدۇ. بۇنىڭدا يۇيىدىغان دورا مىقدارى 100 ـ 500 مىللىلىتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكىگە ۋە يۇغان دورىنى تولۇق چىقىرىۋېتىپ، يۇقۇملىنىشنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلى-

كىگە دىققەت قىلىش كېرەك؛ (2) ئورگانىزمنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قىلدام تومۇرلارنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 0.9% لىك 500 مىللىلىتىر فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيى (生理盐水) گە ۋىتامىن C دىن 20 ـ 40 مىللىلىتىر، دېكسامېتازون (地塞米松) دىن 10 ـ 20 مىللىلىتىر قوشۇپ ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن ئۈدا 3 ـ 5 كۈن ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئاندىن ئىنەكنىڭ ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقىغا كالىيلىق پېنىتسىللىن (青霉素钾) دىن 800 ـ 1000 بىرلىك ۋە ستىرېپتومىتسىن (链霉素) دىن 10 ـ 15 مىللىگىرام ئېلىپ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، 10 ـ 20 مىللىلىتىر 0.9% لىك فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيىدە ئېرىتىپ، كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشنى تاكى ئىنەكنىڭ جىنسىي يولىدىن يېرىڭلىق ئاجرالمىلار ئاقمىغىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك؛ (3) جۇڭگىچە دورىلاردىن بۇيا (苦参)، گېنتىيان يىلتىزى (龙月旦草)، گۈل بوغۇم (益母草) لاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ سۇۋۇغاندىن كېيىن، تىرپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىمدىن جىنسىي غىلاپىنى يۇيۇپ بەرسە داۋالاش ئۈنۈمى تېخىمۇ تېز بولىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش:** بېقىپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىختىيارى چېتىشىشتىن ساقلىنىش، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، بوغازلىق دەۋرىدە بېقىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تولۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى مۇۋاپىق قاندۇرۇپ، تۆرەلمىنىڭ زىيادە يوغىناپ قىيىن تۇغۇت پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش، تۇغۇتتىن كېيىنكى پەرۋىشنى ياخشىلاپ، ئىنەكنىڭ ساغلام ئەسلىگە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. (02)

# تىراكتورنى ئارقىسىغا ياندۇرغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

غېنى ئەلا

(ئاتۇش شەھەر ئۇستۇن ئاتۇش بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن)

تىراكتورنى ئارقىسىغا ياندۇرۇشتىن ئاۋۋال چوقۇم تىراكتورنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆزىتىش، توسالغۇ نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئارقىسىغا ياندۇرۇش لازىم.

2. ئارقىسىغا ياندۇرۇشتىن ئاۋۋال سىگنال ئۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش، مەشغۇلات جەريانىدا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۈزۈلدۈرمەسلىك، ھەر ۋاقىت تورمۇز تەييارلىقى ھالىتىدە تۇرۇش لازىم.

3. ئارقىسىغا ياندۇرغاندا، شوپۇر زېھنىنى تولۇق مەركەزلەشتۈرۈشى، قەدىمىي قالايمىقان ھەرىكەت قىلماسلىقى، ئارقىسىغا ياندۇرۇش ئەينىكىگە قاراش بىلەن بىرگە ئارقىسىغا بىۋاستە قاراشنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش لازىم.

4. ئارقىسىغا ياندۇرۇش مەشغۇلاتىدا شوپۇرنىڭ قول - پۇت ھەرىكىتى چاققان، ئىنكاسى تېز، رول باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، رولنى تېز - تېز، يەڭگىل بۇراش كېرەك.

5. قوشۇمچە سۈرئەت ئۆزگەرتىش دەستىسىنى چوقۇم تۆۋەن خوت ئورنىدا قويۇش، يەر شەكلى ياكى يولنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ماي كىلاپانى ۋە تورمۇزنى كونترول قىلىش، سۈرئەتنىڭ ئاستا ھەم مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

6. ئارقىسىغا ياندۇرۇش نىشانىنى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. كوزۇپنىڭ كەينى بۇلۇڭى ياكى چاقنى ئاساس قىلىپ، ياندۇرماقچى بولغان نىشانغا توغرىلىنىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئارقىسىغا ياندۇرۇش لازىم.

7. كېچىسى مەشغۇلات قىلغاندا چوقۇم يېقىنىنى يورۇتۇش چىرىغىنى ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارقا چىراغ، كەڭلىك يورۇتۇش بەلگە

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا سۇ قۇيغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئابدۇرۇسۇل مەخنىك
(پىچان ناھىيە پىچان بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

قىش پەسلىدە ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات شارائىتى ناچار بولىدۇ. ئەگەردە ئىشلىتىلگەن سوۋۇتۇش سۈيى مۇۋاپىق بولمىسا، موتور گەۋدىسى ئاسانلا بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىش پەسلىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا سۇ قۇيغاندا تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ھەرگىزمۇ ئاۋۋال موتورنى ئوت ئالدۇرۇپ ئاندىن سوغۇق سۇ قۇيماسلىق لازىم. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئوت ئالدۇرغاندىن كېيىن، موتور گەۋدىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆيۈش كامېرىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 100℃ دىن ئاشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رادىياتورغا

چىرىغى ۋە خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى تەڭ يورۇتۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

8. ئەگىم يول، داۋان، تاغ باغرىدىكى تىك قىيا يوللاردا، قار - يامغۇر ياغقاندىكى مۇزلۇق، پاتقاق، تېيىلغاق يوللاردا، تار كۆۋرۈك، توغان يول، سۇ بېسىپ كەتكەن يوللاردا، ئۆتۈشمە يول ۋە باشقا خەتەرلىك يوللاردا ئارقىسىغا ياندۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

9. مۇرەككەپ مۇھىتتا ئارقىسىغا يېنىشقا توغرا كەلگەندە ئەڭ ياخشىسى چوقۇم بىر ئادەم قوماندانلىق قىلىشى، شوپۇر قوماندانلىق قىلغۇچى بىلەن زىچ ماسلىشىشى ھەمدە ئارقىسىدىكى نىشانغا دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىراكتور ئالدى قىسمىنىڭ تۇرۇش ئورنىنى توغرا مۆلچەرلەپ، تو - سالغۇ نەرسىلەرگە تېگىپ زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. (02)

سوغۇق سۇ قۇيغاندا ماتور گەۋدىسى، سىلىندىر گېلىزىسى، سىلىندىر قاپ-قىقى ۋە قايىنام كامېرى قاتارلىقلار سوغۇق سۇنىڭ تەسىرىدە يېرىلىدۇ. پور-شېن، چاتما دەستىلەرنىڭمۇ شەكلى ئۆزگىرىدۇ. سۇ قۇيۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى موتورنى ئوت ئالدۇرۇشتىن بۇرۇن $80℃$ لۇق ئىسسىق سۇ قويۇش كېرەك.

2. مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۈيىنى دەرھال قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر سوۋۇتۇش سۈيىنى دەرھال قويۇ-ۋەتسە، موتورنىڭ سىرت بىلەن بولغان تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولغاز-لىقتىن، موتورنىڭ سوۋۇش سۈرئىتى تېزلىشىپ، رادىياتور، ماتور زاپچاسلىرى، سىلىندىر قاپقىقى قاتارلىقلاردا يېرىلىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. سوۋۇتۇش سۈيىنى قويۇۋېتىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى موتورنى 5 ـ 6 مىنۇت ئەتراپىدا تۆۋەن سۈرئەتتە ئايلاندۇرۇپ، موت-ور گەۋدىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى $50℃$ ـ $60℃$ قا چۈشكەندە ئاندىن سوۋۇتۇش سۈيىنى قويۇۋېتىش لازىم.

3. سوۋۇتۇش سۈيىنى قويۇۋەتكەندە سوۋۇتۇش سۈيىنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنى ئەتراپلىق كۆزىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۇزاق مەزگىل ئىشلەتكەندە سۇ دېغى، ئارىلاشما ماددىلار ئاسانلا جۇ-مەكنىڭ ئىچىدە چۆكمە بولۇپ جۈمەكنى توسۇۋېلىپ، سوۋۇتۇش سۈيى تولۇق ئېقىپ كېتەلمەي، موتورنىڭ توڭلاپ يېرىلىپ كېتىشىنى كەل-تۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا قىش پەسلىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىپ سوۋۇتۇش سۈيىنى قويۇۋەتكەندە، شوپۇر سۇنىڭ ئېقىپ كې-تىش ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزىتىش لازىم. ئەگەر سۇ راۋان ئاقمىسا، سۇ جۈمىكىنى راۋانلاشتۇرۇپ سوۋۇتۇش سۈيىنى تولۇق قويۇۋېتىش يا-كى جەينەكلىك ئۇقنى نەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ سوۋۇتۇش سۈيىنى پا-كىز چىقىرىۋېتىش لازىم. (02)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**5 ـ ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىگە ئىشىنىشى، ئۆزىگە تايىنىشى، ئۆزىنى كۈچەيتىشىگە، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغدىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

ئاياللار دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ھۆرمەت قىلىشى، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاياللار، بالىلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ئالاقىدار تارماقلارنى ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللەيدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ، يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**7 ـ ماددا** جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى قانۇن ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە، ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار

ئايالالارنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**9 - ماددا** دۆلەت ئايالالارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر سىياسىي هوقۇققا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**10 - ماددا** ئاياللار هەر خىل يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا هوقۇقلۇق. قانۇن - نىزام، قائىدە ۋە جامائەت سىياسىتى چىقىرىشتا، ئايالالارنىڭ هوقۇق - مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئاياللار بىرلەشمىسىدىن پىكىر ئېلىش كېرەك. ئاياللار ۋە ئاياللار تەشكىلاتى هەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا ئايالالارنىڭ هوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە پىكىر - تەكلىپ بېرىشكە هوقۇقلۇق.

**11 - ماددا** ئاياللار ئەرلەر بىلەن باراۋەر سايلاش هوقۇقى ۋە سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە مۇۋاپىق ساندا ئايال ۋەكىل بولۇشى كېرەك. دۆلەت تەدبىر قوللىنىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدىكى ئايال ۋەكىللەرنىڭ نىسبىتىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرىدۇ. شەھەرلىك ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىچىدە ئاياللار مۇۋاپىق ساندا بولۇشى كېرەك.

**12 - ماددا** دۆلەت ئايال كادىرلارنى پائال يېتىشتۈرىدۇ ۋە تاللاپ ئۆستۈرىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتا، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى شەرت

ھەمدە مۇۋاپىق ساندا ئايال رەھبەر قويۇشى كېرەك. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**13 ـ ماددا** جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئاياللارغا ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى دېموكراتىك قارار قىلىش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشقا پائال قاتنىشىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئەزالىرى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ئايال كادىرلارنى كۆرسەتسە بولىدۇ.

**14 ـ ماددا** ئالاقىدار تارماقلار ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت تەنقىد ياكى مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئاڭلىشى ۋە قوبۇل قىلىشى، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك ھەققىدىكى ئەرز - شىكايەتلەرنى ئالاقىدار تارماقلار پاكىتنى ئېنىقلاپ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بېسىپ قويۇشىغا ياكى ئۆچ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**15 ـ ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر مەدەنىيەت، مائارىپ ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**16 ـ ماددا** مەكتەپلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئاياللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش، يۇقىرىلاپ ئوقۇش، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە تەقسىم قىلىنىش، ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئالاھىدە كەسپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جىنسىنى باھانە قىلىپ، قىزلارنى قوبۇل قىلمىسا ياكى قىزلارنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈۋالسا بولمايدۇ. (05) (داۋامى كېيىنكى ساندا)

# مېڭىگە پايدىلىق يېمەكلىكلەر

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن يېمەكلىكلەر تەركىبىدە مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدىغان تەركىبلەر بار. هازىر بىر - نەچچە خىلىنى پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1. بېلىق: تەركىبىدە كۆپ مىقداردا پىروتېئىن (ئاقسىل ماددىسى) ۋە كالتسىي بار. بولۇپمۇ تەركىبىدىكى تويۇنمىغان ياغ ۋە ياغ كىسلاتاسى خو - لېستېرولنى پارچىلاپ، مېڭە قان تومۇرلىرىنى راۋان قىلىدۇ.

2. سامساق: تەركىبىدە گارلىتىسىن بولۇپ، ياللۇغ قايتۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش رولى بار. يەنە مەلۇم جەھەتتە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش رولىمۇ بار.

3. كالا سۈتى: تەركىبىدە ئاقسىل، كالتسىي كۆپ بولۇپ، چوڭ مېڭىنى ئېھتىياجلىق بولغان كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

4. بانان: تەركىبىدە مول مىنېرال ماددىلار، بولۇپمۇ كالىي ئىيونىنىڭ مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، دائىم يەپ بەرسە مېڭىنى ساغلاملاشتۇ - رۇش رولى بار.

5. مور (قېرىن قۇلاق): تەركىبىدە پىروتېئىن، ياغ، مىنېرال ماددىلار، ۋىتامىن قاتارلىقلار بولۇپ، مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش، قۇۋۋەتلەشتىكى ئېسىل يېمەكلىك هېسابلىنىدۇ.

6. دادۇر (سويا پۇرچاق): تەركىبىدە ئاقسىل مول بولۇپ، هەر كۈنى مە - لۇم مىقداردا دادۇر ياكى پۇرچاق مەهسۇلاتلىرىنى يەپ بەرسە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

7. تۇخۇم سېرىقى: تەركىبىدە ئاقسىل، تۇخۇم ئىشقارى قاتارلىق مېڭە هۈجەيرىلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق تەركىبلەر بولۇپ، چوڭ مېڭىگە پايدىلىق.

8. سېمىز گۆش: تەركىبىدە مول فوسفاتىد بولۇپ، نېرۋا هۈجەيرىلىرى - دە كەم بولسا بولمايدىغان تەركىب هېسابلىنىدۇ.

9. سەۋزە: تەركىبىدە كاروتىن مول بولۇپ، چوڭ مېڭە هارغىنلىقىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ ۋە يوقىتالايدۇ. (02)

**تۇرسۇن پىداقۇل** تەييارلىغان

# ئاپتورلار سەمىگە

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى ئىزچىل قوللىغان ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، سۈپەتلىك ماقالە بىلەن تەمىنلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ يېڭى يىلنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە تېنىڭلارنىڭ ساغلام، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش، ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئەۋەتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئاپتورلار ماقالىنى سۆز ـ جۈملىلىرى ئېنىق، ئىملاسىنى توغرا قىلىپ، كومپيۇتېردا (ئەلكاتىپ خەت سىستېمىسىدا) ئۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا يوللاڭ. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسى: 2569823386@ qq.com؛ QQ نومۇرى: 2569823386.

2. ماقالە ماۋزۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم ـ فامىلىڭىزنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى يېزىپ ئەۋەتىڭ.

3. ماقالىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ، دورا ۋە سورتلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئۆلچەملىك يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. ماقالىدىكى سان ـ سىفىرلارنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىدارىڭىزنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ئەۋەتىڭ.

5. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

6. ژۇرنىلىمىز ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدۇ، ماقالىلارنىڭ پەسىلگە ماس كېلىشى ۋە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىمكان بار شۇ پەسىل كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىڭ.

ئادرېسىمىزنى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تېگىدۇ، دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. (05)

شائىر مۇھەممەد مۇسا (مەرگەن) ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان دېھقانلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيەنىڭ يېزا ئىختىسادىي سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، «يېزا پەن-تېخنىكىسى» ژۇرنىلىنى ئىزچىل تۈردە سۈپەتلىك خەۋەر-ماقالىلار بىلەن تەمىنلەپ، دېھقانلارنىڭ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا زور تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ «يېزا پەن-تېخنىكىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇرۇققا باغلانغان مۇھەببەت»، «يەكەن بادىمى دېھقانلارنىڭ ئىختىسادىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى»، «يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى تۆھپىكار ئەزىمەت» ، «پارتىيەنىڭ سىياسىتى مۇقىم، ھۆددىگەرلىك تۈزۈم ئۆزگەرمەيدۇ» ، «تۆھپىسى بىلەن تۆرىگە چىققان ئاگرانوم» قاتارلىق ئەسەرلىرى دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

شائىر مۇھەممەد مۇسانىڭ «يەكەن بادىمى» ناملىق تەتقىقات ماقالىسى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان «كۈئىنلۇن قاشتاشلىرى» ناملىق خەنزۇچە كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. «جۇڭگودىكى مەشھۇر سەنئەتكارلار»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر»، «ئەدىبلەر قامۇسى»، «جۇڭگو قەلەمكەشلىرى» قاتارلىق قامۇسلارغا ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ 35 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە بويىچە 76 قېتىم تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلانغان.

شائىر مۇھەممەد مۇسا ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يەكەن ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى



ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !



سۆھبەتداشلار

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

# يېزا پەن — تېخنىكىسى
(ئايلىق ژۇرنال)

# 农村科技
(月刊)


باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن-تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن    تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت    مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ    پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى    باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 123    ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016